
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلَا تَفَرَّقُوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

## 中国穆斯林



2004 4

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

【2004-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئەرەب ئەللىرىدە خىزمەت زىيارىتىدە بولدى】


سۈرىيە دەمەشق ئۆلكىسىنىڭ مۇفتىسى شەيخ بەشىر بارى سۆھبەتتىن كېيىن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.


ماراكەش قۇرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئەلى سەقرى ھۈسنى قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتتە.


مىسىر ۋەقفە ۋە ئىسلامىيەت ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتتە.


ئەزھەر شەيخى مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى، ئەزھەر دىنلار ئارا ئەدەنىي مۇلاقات ھەيئىتىنىڭ رەئىسى فەزىل فەۋزى سۆھبەتتىن كېيىن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.


مىسىر جۇمھۇرىيەت مۇفتىسى دوكتور ئەلى جۇمە سۆھبەتتىن كېيىن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

【2004-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە جۇڭگو-ئەرەب دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە بەھرەيىندە زىيارەتتە بولدى】


مىسىر زۇڭلىسى ئەھمەد نەجىف تۆمۈر داۋامەت بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى.


مىسىر پارلامېنت رەئىسى ئەھمەد فەتھى سۇرۇر تۆمۈر داۋامەت بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتلەشتى.


سەئۇدى ئەرەبىستانى رىياد رايونىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سالمان ئىبنى ئابدۇل ئەزىز تۆمۈر داۋامەت بىلەن قىزغىن ۋە دوستانە سۆھبەتلەشتى.


بەھرەيىن باش ۋەزىرى خەلىفە ئىبنى سالمان ئەل خەلىفە دوستلۇق ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى ۋە تۆمۈر داۋامەت بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى.


ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور ئەھمەد تەييىب سۆھبەتتىن كېيىن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




# پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رەئىسى

# ياسىر ئەرافاتقا تەزىيە

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** پەلەستىن دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى، پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رەئىسى، پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ياسىر ئەرافات 2004-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە 75 يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. شۇ كۈنىلا دۆلىتىمىزنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ پەلەستىن قانۇن چىقىرىش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى روھى فاتۇھقا تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ، رەئىس ئەرافاتنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى رولىغا ھەم پەلەستىن-جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا رەئىس ئەرافاتنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 7:30دا دۆلىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زىڭ چىڭخۇڭ، دۆلەت كومىسسارى تاڭ جياشۇەن قاتارلىقلار پەلەستىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، رەئىس ئەرافاتنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى ھەم باش ئەلچى زەكەرىيە ئابدۇرەھىمغا رەئىس خۇجىنتاۋنىڭ تەسەللىيسىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنى كەچتىلا قاھىرەگە يېتىپ كەلگەن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ(خۇيزۇ) دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سۈپىتىدە مەرھۇم رەئىس ئەرافاتنىڭ 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، رەئىس خۇ جىنتاۋ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، يېقىندىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئاببباس، پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى روھى فاتۇھ ۋە ئەرافاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىغا چوڭقۇر تەزىيەسىنى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى: ”رەئىس ئەرافات جۇڭگو-پەلەستىن مۇناسىۋىتىگە ئاساس سالغۇچى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى ئاكتىپ يۈكسەلدۈرگۈچى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگونى 14 قېتىم زىيارەت قىلغان، جۇڭگونىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇقنى ساقلاپ، جۇڭگو-پەلەستىن مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. جۇڭگو ھۆكۈمىتى پەلەستىن بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ“. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىقلارمۇ مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈ بىلەن قاھىرەگە بېرىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

رەئىس ئەرافاتنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ پەلەستىنگە تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ، رەئىس ئەرافاتنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى: ”رەئىس ياسىر ئەرافاتنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغانلىقىغا جەمئىيىتىمىز چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ. رەئىس ئەرافات پەلەستىن خەلقىنىڭ ئاتاقلىق داھىيسى، دۇنيادىكى مەشھۇر سىياسىي ئەرباب. ئۇ دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پەلەستىن دۆلىتىنى قۇرۇشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغان. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەدىناس دوستى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو-پەلەستىن ئىككى دۆلەت خەلقى، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مېھرىبان، ھۆرمەتلىك كونا دوستىدىن خوشلاشتى. "**بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز**". ئاللاھ تائالا مەرھۇمنىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغاي-ئامىن!

11-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، سىددىق ما جۇڭجې قاتارلىقلار پەلەستىن دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، رەئىس ئەرافاتنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى. 11-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن كېيىن رەئىس ئەرافاتنىڭ جەسىتى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىن پەلەستىنگە يۆتكەپ كېلىندى. ئەرافاتنىڭ جەسىتى ئەرافات ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ئۇ يەردە ساقلاۋاتقان نەچچە 10 مىڭ پەلەستىن ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىنى زادىلا تىزگىنلىيەلمىدى. پەلەستىننىڭ دىنىي داھىيسى قۇددۇس شەرىف(ئىرۇسالىم)دىكى ئەقسا مەسچىتى ئىچىدىن ئېلىپ كەلگەن سېغىز



تۇپىنى ئەرافاتنىڭ لەھەتى ئىچىگە چېچىپ، ئەرافاتنىڭ قۇددۇس شەرىپكە دەپنە قىلىنغانلىقىنىڭ سىمۋولىنى ئىپادىلىدى(ئەرافات ھايات ۋاقتىدا ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇددۇس شەرىفكە دەپنە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئىسرائىلىيە رەت قىلغان). ئۇنىڭدىن كېيىن رەئىس ئەرافاتنىڭ جەسىتى ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رامئاللا شەھىرىدىكى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئوردىسى ئىچىگە يېقىندىن ياسالغان قەبرىگە دەپنە قىلىندى. پەلەستىن رەھبەرلىرى، چەت ئەللەرنىڭ پەلەستىندە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە نەچچە 10 مىڭ پەلەستىن خەلقى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

# المسلم الصيني

## مۇندەرىجە


### ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر ▼

پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رەئىسى ياسىر ئەرافاتقا تەزىيە ............ (1)

### ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان................ مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (4)

ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى ......... دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق (10)

زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى ............ ئابدۇرەھمان مۇھەممەد (12)

### ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى ▼

ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان قەلبىنى پاكلاشتىكى تەسىرى ............ ئابدۇقادىر ئابدۇللا (16)

ئامانەتنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىق توغرىسىدا ............ ياقۇپ ئوسمان (18)

### ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ▼

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يېتەيلى ............ ئامانۇللا ھىزبۇللا (20)

### ▼ ھەج بىلىملىرى ▼

ھەج قانداق كىشىلەرگە پەرز؟ ............ مۇختەرەم ھاجى (24)

### ▼ ۋەز- تەبلىغ ▼

سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش توغرىسىدا............ مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر (35)

ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە ............ ھەسەن داۋۇت (38)

خوراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى ............ ھەسەن قارىم (39)

### ▼ ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ▼

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ...... ئەمەتجان ئابلىمىت (41)





## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## 中国穆斯林

( پەسىللىك ژۇرنال 季刊 )

( ئومۇمىي 73 -سان 总第73期 )

باش مۇھەررىر :

**شەمشىدىن ھاجى**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :

**ھاجى بارات رەجەپ**

تېخنىك تەھرىر:

**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

تەكلىپلىك تەھرىر:

**ئادىل ھاجى كېرەم**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :

**شەمشىنۇر ھوشۇر**

主　　编: 夏米西丁・哈吉

副 主 编: 巴拉提・热吉甫

技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德

特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木

封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号 ISSN1007-5836 :خەلقئارالىق نومۇرى

CN11-1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

邮发代号: 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

Q1720 :چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى

国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

مۇئدەرىجە


## ▼ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە▼

قىز-يىگىتلەرگە مەسلىھەت .............. مۇھەممەتتوختى ئاتاۋۇللا (45)

## ▼ دىنىي زاتلار بۇرچى▼

موللا-ئۆلىمالىرىمىز بىلەيتاش بولۇپ قالمىسۇن ..................
.................. ئابدۇركېرەم قارىم (47)

## ▼ خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر▼

تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى جۇڭگو دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئۆچ ئەرەب دۆلىتىدە زىيارەتتە بولدى ......................(50)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولدى ...................... (52)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئەرەب ئەللىرىدە خىزمەت زىيارىتىدە بولدى..................(52)

ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.................. (53)

## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى▼

ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال خىزمىتى بويىچە تەرجىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ...............................(55)

**ياقۇپ ھاجى، ئىسمائىل سوپى، شاھمەردان ئىمىننىياز قاتارلىقلار خەۋىرى.......... (57)**

## ▼ ئىسلام مائارىپى▼

**ياقۇپ ھاجى، تۇخان تۇردى، ئابدۇلئەھەد ئالىم قاتارلىقلار خەۋىرى ....... (58)**

## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار▼

**توختى ئاۋۇت، مۇھەممەد مۇسا، سىدىق تۇردى قاتارلىقلار خەۋىرى..........(60)**


## ▼خەۋەرلەر▼

رامىزانلىق پائالىيەتلەر..........................( 53 )

شەمشىدىن ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەت زىيارىتى قىلدى ..............(56)

ئەبەيدۇللا ھاجى، يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى، ئابدۇخالىق قارىي ھاجىلار ئالەمدىن ئۆتتى..........................................(23) (44) (40)


( بۇ سان 2004-يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقتى )




2004

4

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073

تېل: 83520073 ، 63513181 - 010

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119-قورۇ پوچتا نومۇرى:830001

تېل: 0991-2566193

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

印　刷：中央民族大学印刷厂

订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局;《中国穆斯林》维文编辑部

地址：北京市宣武区南横西街103号

邮编：100053　电话:010 - 63513181

010 - 83520073（兼传真）

新疆发行站:乌鲁木齐市延安路119号

邮编:830001电话:（0991）2566193

国外发行：中国国际图书贸易公司

（北京 399 信箱）

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆگىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار ئارىسىدا ياشايتتى، مەسچىتتە بولسۇن، بازاردا بولسۇن، ئۆيدە بولسۇن، سىرتتا بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن ساھابىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەت، يۈرۈش-تۇرۇشى ھەمىشە ساھابىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە بولمىسۇن ئۇ يەر ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنىغا ئايلىناتتى. مەسچىتلەردە ئۇ دەرس ئېيتقۇچى، ناتىق ۋە پەتىۋا بەرگۈچى ئىدى. قوشۇندا بولغاندا تەسىرلىك نۇتۇقلىرى بىلەن ساھابىلارنى ئوت يۈرەك مەردانىلەرگە ئايلاندۇراتتى، يولدا كېتىۋاتقاندا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاجىز كىشىلەرمۇ تارتىنماستىن ئۇنى توختىتىۋېلىپ دىنىي مەسىلەلەرنى سورىيالايتتى. ئۇ ھەممە ھالەتتە كىشىلەرگە توغرا يېتەكچى، سۆيۈملۈك ئۇستاز ئىدى. تولا چاغلاردا مەسچىتلەردە سورۇن تۈزۈپ پەرز نامازلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولغان جامائەتكە ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، ئىسلام دىنىدىن تەلىم بېرەتتى، سورىغان سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يورىتىۋېتەتتى. قەيەردە بولمىسۇن كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرەتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىغا ھەدىس ئاڭلاش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن باللىرىنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دىنىي مەسىلەلەردىن تەلىم بېرىشتىن تاشقىرى ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرەتتى ياكى نازىل بولۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مۇئەييەن مەنىلىرىنى يېشىپ بېرەتتى ۋە ياكى ساھابىلەردىن سادىر بولغان، دىنىي جەھەتتىن توغرىلىقىنى ئايرىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە قارىتا سۈكۈت قىلىدۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن بەھرە ئېلىشقا شۇقەدەر ھېرىسمەن ئىدىكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ سورۇنىغا نۆۋەت بىلەن قاتنىشاتتى.

«سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "**مېنىڭ ئەنسارلاردىن بولغان بىر قوشنام بار ئىدى، ئىككىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا نۆۋەت بىلەن، ئۇ بىر كۈنى باراتتى، مەن بىر كۈنى باراتتىم. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزگە يەتكۈزۈشەتتۇق**".

ساھابىلەر ئىچىدە يەنە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردەك رەسۇلۇللاھ قەيەردە بولمىسۇن داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغانلارمۇ بار ئىدى. يەنە بەزىلەر دېھقانچىلىق، سودا-سېتىق قاتارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتىدە گاھى چاغلاردا بولالمايتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ سورۇنىدا بولالمىغان چاغلىرىدىكى ئاڭلىيالمىغان تەلىماتلارنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ئەڭ يىراق قەبىلە ئادەملىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ تەلىم ئېلىپ كېلىش مەقسىتىدە مەخسۇس ئادەملەرنى ئەۋەتەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن دىنىي ئەھكاملارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دىنىي يېتەكچى بولۇپ باشقىلارغا ئۆگىتەتتى. بىرەر ساھابە زۆرۈر بولغان بىرەر مەسىلىگە دۇچ

*باش قىسمى ئۆتكەنكى سانىدا/

كېلىپ قالسا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي كېلىپ رەسۇلۇللاھتىن سوراپ يەنە جايىغا قايتىپ كېتەتتى. بىر ئايال ئوقبە ئىبنى ئامىرغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ئىككىسىنىلا ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئېمىتىپ قويغانلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ ئېمىلدەش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئوقبە دەرھال مەككىدىن ئاتلانغان پېتى مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا مۇلاقەت بولۇپ ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئوقبە ئايالى بىلەن دەرھال ئاجرىشىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم سورۇنلىرى ئەرلەرگىلا خاس بولماستىن نۇرغۇن ئاياللارمۇ مەسچىتكە ۋە ھېيت نامىزىغا ئوخشاش جامائەت سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى سەپلەردە ئەرلەرگە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىكى سەپلەرگە ئۆتۈپ ئاياللارغا سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا كۆپرەك مەخسۇس ئەرلەر بارغانلىقتىن ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس كۈنلەرنى ئاجرىتىپ سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان. ئاياللار ئۆگىنىشتە خىجىل بولسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن سورىماقچى بولغانلىرىنى تارتىنماستىن سوراۋېرەتتى. ئۇلار تولا چاغلاردا ئالدى بىلەن: ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ ھەققەت ئۈستىدە تارتىنىپ تۇرمايدۇ، دەپ قويۇپلا سوئاللىرىنى سورايتتى. «سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەزى ئاياللار: ''ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ؟'' دەپ سورىغان. كۆپىنچە سوئال سوراشتا ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى جۈرئەتلىك ئىدى، ھەزرىتى ئائىشە: ''ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى نېمىدېگەن ياخشى ئاياللار، ئۇلار دىنىي بىلىملەرنى سوراپ بىلىۋېلىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرمايدۇ'' دېگەن. دىنىي مەسىلىلەرنى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاسىتە سوراشتا خىجىللىق ھېس قىلىدىغان ساھابە ئاياللار مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئارقىلىق سوراپ بىلىۋالاتتى. بەزى ساھابىلەرنىڭ ئەر-خوتۇنلۇققا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئايالى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىدىن سورايدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. بىر ساھابە روزىدار ئادەمنىڭ ئايالىنى سۆيۈپ قويسا روزىسىنىڭ بۇزۇلىدىغان، بۇزۇلمايدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن ئايالىنى رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتكەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە ئۇنىڭغا: ''رەسۇلۇللاھ روزىدار تۇرۇپ ئاياللىرىنى سۆيۈۋېرەتتى'' دەپ جاۋاب بەرگەن.

### ***ئەتراپتىكى ئىقلىم پادىشاھلىرىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قەبىلىلەردىن ئەلچىلەر كېلىشىنىڭ ھەدىسنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشىدا ئوينىغان رولى***

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچ يىلغىچە يوشۇرۇن داۋاملاشتى. ئاندىن ئاللاھنىڭ **"ساڭا بۇيرۇلغاننى(يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار(نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن"** {«ھىجر» سۈرىسى(15-سۈرە)، 94-ئايەت} دېگەن ئەمرى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھقا بولغان ئازار-كۈلپەتلەر تېخىمۇ كۈچىيىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئاڭغىچە مەدىنىلىكلەردىن نۇرغۇن كىشى مۇسۇلمان بولدى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. شۇندىن باشلاپ مەدىنە ئاللاھ ۋەھىي نازىل قىلىدىغان جايغا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بازىسىغا ئايلاندى. مۇشرىكلار ۋە ئەتراپتىكى ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن جېدەل-ماجىرا كۆپ بولۇپ جاھان تىنجىمىغانلىقتىن دىنىي دەۋەتنىڭ ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە يېتىپ بېرىشىغا توسالغۇلار كۆپ بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى بويىچە تارقىلىشىغا مۇمكىنچىلىك بولماي قالدى. شۇڭا ھىجرىيىنىڭ 6-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىلىكلەر ئارىسىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلدى. بۇ تىنچلىق سۈلھىنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا بېرىش-كېلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. ئەرەبلەردىن نۇرغۇن ئادەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتراپتىكى پادىشاھلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ ئۇلارغا مەكتۇپ يوللىدى. ئىسلام دىنىغا كىرگەن قەبىلىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىدىغان دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتتى، يەمەن، بەھرەيىن، يەمامە، ھەزرەمەۋت، ئومان قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر ۋە دەۋەتچىلەر قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن قوراللانغان بولۇپ بارغانلىكى جايىنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتاتتى. ئۇلار پۈتۈن ئەتراپتا ھەدىسلەرنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول

ئوينىغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ھەدىسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەلىم بەرگەن. ئۇلارنى گۈزەل ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەربىيىلىگەن. مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: "**سەن ئەھلى كىتاب بولغان خەلقنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن، سەن ئۇلارغا: ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا يىلىغا بىر قېتىم رامىزان ئېيى روزىسىنى تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى ئاللاھنىڭ پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن**".

مانا شۇنداق دەۋەتچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ ھەدىسلەرنىڭ تارقىلىشىغا كۈچ چىقارغان.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى غەلىبىگە يۈزلەنگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھقا توپ-توپ بولۇپ كېلىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىش بىلەن ھەدىسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ قەۋمىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى تەبلىغ قىلغان. ھەتتا ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن "ئەلچىلەر يىلى" دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى قانداقتۇر بىرەر ھەدىيە، سوۋغا-سالامغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى رەسۇلۇللاھتىن ئىسلام دىنىنىڭ تۈپكى ۋە شاخچە مەسىلىلىرىگە دائىر ئەھكاملارنى سوراپ بىلىۋېلىش ئىدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتى. بەنى سائىد ئايمىقىنىڭ ئەلچىسى زىمام ئىبنى سەئلەبە كىرىپ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى، ئۇ: "ئاللاھقا قەسەم بېرىش بىلەن سورايمەنكى، ئاللاھ سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **ئەلۋەتتە شۇنداق**، دېدى. ئۇ: ئاللاھ سېنى بىر-كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇدىمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **ئەلۋەتتە شۇنداق**، دېدى. ئۇ: بايلىرىمىزنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىشكە بۇيرۇدىمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **ئەلۋەتتە شۇنداق**، دېدى. ئۇ، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىمىزغا بۇيرۇدىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: **ئەلۋەتتە شۇنداق**، دېدى. ئۇ: قادىر بولغانلىرىمىزنى ئۆمرىمىزدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: **ئەلۋەتتە شۇنداق**، دېدى. ئۇ: مەنكى زىمام ئىبنى سەئلەبە مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم ۋە تەستىق قىلدىم دېدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **بۇ ئادەم دىنىي ئىشلارغا ئالىم بولدى**، دېدى. زىمام قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ قەۋمىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى.

ئابدۇ قەيس ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ساڭا يىراق جايدىن كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ يۇرتىمىز بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا(كۇففارلاردىن بولغان) مۇزەر قەبىلىسى بار. سېنىڭ يېنىڭغا پەقەت قان تۆكۈش ھارام قىلىنغان ئايلاردىلا كېلەلەيمىز. بىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلغىن. بۇ يەرگە كېلەلمىگەن كىشىلىرىمىزگە يەتكۈزەيلى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**سىلەرنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيمەن. بۇنى بىلەمسىلەر؟ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش دېگەن 'بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر' دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت. سىلەرنى قاپاق، ھەنتەم**(مەخسۇس ماي بىلەن مايلانغان قاچا)، **نەقىر** (خورما ياغىچىنىڭ يىلتىزىدىن ياسالغان سوغا)**لاردا شاراب ئىچىشكىلاردىن مەنئى قىلىمەن. يۇقىرىقىلارنى ئېسىڭلاردا ساقلاپ بۇ يەرگە كېلەلمەي قېلىپ قالغانلارغا يەتكۈزۈڭلار**" دېدى.

ئەلچىلەرنىڭ دەۋەتتىكى قىزغىنلىقى شۇنداق يۇقىرى ئىدىكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۆگەنگەنلىرىنى قەۋمىگە يەتكۈزۈشكە تەقەززالىق بىلەن ئالدىرايتتى. توجىب ئايمىقىدىن كەلگەن 13 نەپەر ئەلچى ئالدى بىلەن قۇرئاندىن تەلىم ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇلار يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: "نېمىشقا ئالدىرايسىلەر؟" دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: "يۇرتىمىزدا قالغانلارغا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزنى ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتىمىز" دېگەن.

سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە ئۇلارنىڭ قۇرئان تىڭشىشى ۋە ساھابىلارنىڭ ناماز ئوقۇشىنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەسچىتنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇلارغا بىر چېدىر تىكىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس ئىرىشچان بولۇپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇرئان ئۆگىنەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ ئەبۇ بەكرىدىن ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قۇرئاندىن كۆپ نەرسىلەرنى يادلىۋالغان. ئۇ قۇرئاننى ئوقۇشقا ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە ھېرىس بولغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ قويغان. يۇقىرىقىغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن قەبىلىلەر، ئايماقلاردىن كەلگەن ئەلچىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلىم بۇلىقىدىن ئوتلاپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن يۇرتداشلىرىغا تەلىم بېرىش يولى بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەدىسنىڭ تارقىلىشىغا ئاساس سالغان.

## ھەدىس شەرىفنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا خاتىرىلىنىش ئەھۋالى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»گە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» ساھابىلەر تەرىپىدىن تامامەن يادقا ئېلىنغان. ھايۋانات تېرىلىرىگە، ئۇلارنىڭ تاغاق-سۆڭەكلىرىگە، تەكشىلەنگەن ئاق تاش پارچىلىرىغا، خورما يوپۇرمىقى دەستىكى قاتارلىق نەرسىلەرگە يېزىلىپ تولۇق خاتىرىلەنگەن. دېمەك «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر توپلام ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تولۇق يادقا ئېلىنىش، تولۇق خاتىرىلىنىش بىلەن مۇكەممەل ساقلانغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى «قۇرئان كەرىم»گە قاتتىق بېرىلىپ ئېسى-يادى قۇرئان بىلەن بولغانلىقتىن قۇرئاننى يادلاش ۋە خاتىرىلەش بىلەن بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا 23 يىل ياشىغان بولۇپ، ئۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دىنىنى تەلىم بېرىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، قۇرئان ئايەتلىرىنى يېشىپ بېرىش جەھەتلەردە قىلغان سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى خەت يازالايدىغان ساۋاتلىقلار چەكلىك بولغان شارائىت ئاستىدا ساھابىلەرنىڭ تامامەن خاتىرىلەپ كېتەلىشى قىيىن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن بولغان تونۇشلۇقى تېخى يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇقۇشماسلىقتىن قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» خاتىرىلەنگىنىدەك تولۇق خاتىرىلەنگەن ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن باشقىنى يېزىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"مەندىن خاتىرىلەپ قۇرئاندىن باشقىنى يازماڭلار، كىمكى مەندىن ئاڭلاپ قۇرئاندىن باشقىنى خاتىرىلىگەن بولسا ئۆچۈرۈۋەتسۇن"**. ئەبۇ سەئىد خۇدرى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ھەدىسنى خاتىرىلەپ يېزىشىمغا رۇخسەت قىلمىغان" دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **"بىز ھەدىسنى يېزىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ: نېمىنى يېزىۋاتىسىلەر؟ دېدى. بىز: سەندىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يېزىۋاتىمىز، دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قۇرئاندىن باشقا كىتابنى كۆزلەمسىلەر؟ سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا باشقا كىتابلارنى قوشۇپ خاتىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن، دېگەن"**.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: "مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سەندىن ھەدىس بايان قىلساق بولامدۇ؟ دېدۇق، رەسۇلۇللاھ: **ھەئە مەندىن ھەدىس بايان قىلساڭلار بولىدۇ، ھېچ باك يوق، كىمكى ماڭا يالغاننى چاپلايدىكەن ئۆزىگە دوزاختىن جاي تەييارلىسۇن**، دېگەن". ئەبۇ سەئىد خۇدرىغا باشقىلار: ھەدىسلەرنى بىزگە يېزىپ بەرسەڭلار، بولمىسا يادلىۋالالمايدىكەنمىز، دېگەندە، ئۇ: سىلەرگە ھەدىسلەرنى يېزىپ بەرمەيمىز ۋە كىتابمۇ قىلىپ بەرمەيمىز، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلاپ يادلىۋالاتتۇق، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ قانداق يادلىۋالغان بولساق سىلەرمۇ شۇنداق يادلىۋېلىڭلار، دېگەن.

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەش مەنئى قىلىنغان ھەدىسلەردىن باشقا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقى ۋە خاتىرىلەشكە بۇيرۇغانلىقى، بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

رافىئى مۇنداق دەيدۇ: "ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلايمىز، ئۇلارنى يېزىۋالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىۋىدۇق، رەسۇلۇللاھ: **ھېچ باك يوق، يېزىۋالساڭلار بولىدۇ**، دېدى"، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە **"ئىلىمنى يېزىش ئارقىلىق چۈشەپ قويۇڭلار"** دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا ھەدىسنى ئاسانلىقچە يادلىيالمايدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: **"يادلاشتا يېزىقتىن پايدىلانغىن"** دېگەن. مەككە مۇكەررەمە فەتھى قىلىنغان چاغدا رەسۇلۇللاھ نۇتۇق سۆزلىگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ نۇتقى

ئاياغلاشقاندا يەمەنلىك ئەبۇ شاھ دېگەن ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ ماڭا يېزىپ (رەسۇلۇللاھنىڭ نۇتقىنى دېمەكچى) بەرسەڭلار“ دېگەن. رەسۇلۇللاھ: ”**ئەبۇ شاھقا يېزىپ بېرىڭلار**“، دېگەن.

بەزى ھەدىسشۇناسلار يۇقىرىدىكى ئوخشاشمىغان مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ توغرا چۈشەندۈرگەن. ئىمامى نەۋەۋى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنى مۇنداق تەبىقلايدۇ: ھەدىسنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورققان ئادەم ئۈچۈن يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان، ئېسىدە ساقلىيالايدىغان، يېزىشقا يۆلىنىۋالىدىغان ئادەم ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ياكى ھەدىسنىڭ قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى بولغاندا مەنئى قىلىنغان، مۇنداق خەۋپ بولمىغاندا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان.

ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش يېزىپ خاتىرىلەشنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى: بۇ چاغلاردا قۇرئان تېخى جەملىنىپ توپلام شەكلىگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەدىسمۇ قۇرئانغا ئوخشاش پارچە-پۇرات خاتىرىلەنسە قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى بولاتتى. بەيھەقى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەدىسلەرنى خاتىرىلىمەكچى بولۇپ ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغان، ساھابىلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ توغرىلىق بىر ئاي ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ھەدىسلەرنى خاتىرىلىمەكچى بولغان ئىدىم، مەن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر ئىچىدىكى بىر قەۋمنى ئەسلەپ قالدىمكى، ئۇلار كىتابلارنى يېزىپ شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاللاھنىڭ كىتابىنى تاشلاپ قويۇشقان، مەن ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا باشقىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىپ ئۇنى مۇجمەللەشتۈرمەيمەن“.

ھەزرىتى ئۆمەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن قۇرئاندىن باشقىنى خاتىرىلىمەسلىكنى، ھەدىسنى يادلاش بىلەنلا كۇپايىلىنىشنى خوپ كۆرگەن. ھەدىسلەرنى يازماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ھۆكمى بولىدىغان بولسا ساھابىلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان بولاتتى. ھەدىسلەرنى خاتىرىلىمەسلىك توغرىسىدىكى ھۆكۈم داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدىغان بولسا ساھابىلەر ئۇنى يېزىشنى توسقان بولاتتى. ھالبۇكى، بەزى ساھابىلەرنىڭ مەخسۇس سەھىفىلىرى بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى خاتىرىلىۋالاتتى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭ ھەدىس يېزىلغان سەھىفىسى «سادىقە» دېيىلەتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن باشقا مەندىن ئارتۇق بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇنىسى بار ئىدىكى مەن ھەدىسلەرنى خاتىرىلىمەيتتىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس بولسا خاتىرىلەيتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەيدىغانلىقى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقتىن بەزى ساھابىلەر ئۇنىڭغا: سەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى يازسەن، بۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ خاپا بولۇشى مۇمكىن، دېگەندە، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتقان، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ”**مەندىن ئاڭلىغانلىرىڭنى يېزىۋەرگىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئاغزىمدىن پەقەت ھەقىقەتلا چىقىدۇ**“.

ئىبنى ئەسىر كىتابى« أسدالغابة » دە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ «سادىقە»دەپ ئاتالغان سەھىفىسىدە مىڭ ھەدىس بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباسمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىرىدىن ئۇرغۇن نەرسىلەرنى تاختايلارغا يېزىۋالغان، ئىلىم سورۇنلىرىغا بارغاندا ئۇلارنى ئېلىپ باراتتى، ئۇ ۋاپات بولغاندا بىر تۆگىگە يۈك بولغىدەك كۆپ يازما قالدۇرغان، ئۇنىڭ شاگىرتى سەئىد ئىبنى جۇبەيرە ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالاتتى. يازىدىغان تاختاي قاتارلىقلار تۈگەپ كەتسە كىيىملىرىگە، كەشىگە، ئالقانلىرىغا يېزىۋېلىپ ئۆيىگە قايتقاندا ئۇلارنى كۆچۈرۈۋالاتتى، ئىبنى ئابباسنىڭ ئەنە شۇ سەھىپىلىرى مەشھۇر بولۇپ ئۇزۇن مۇددەتكىچە كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن، كىشىلەر ئۇلاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇلارنى رىۋايەت قىلغان، تەپسىر، ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ شاگىرتى تابىئىنلاردىن بولغان ئىبنى مۇنبە ئۇستازى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايەت قىلغانلىرىنى يېزىپ ماڭغان. بۇ ئىبنى مۇنبەنىڭ «سەھىفە»سى (ھەدىس يېزىلغان بىر قانچە ۋاراق) دەپ ئاتالغان، بۇ سەھىفەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يېزىلغان دېيىش تەس، چۈنكى ئۇ ھىجرىيىنىڭ 40 -يىلىنىڭ ئالدىدىراق تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ ھۇرەيرە بولسا ھىجرىيە 58-يىلى ۋاپات بولغان، بۇ سەھىفە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېزىلىشى ئەلۋەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە ھايات ۋاقتىدا بولغان. بۇ

سەھىفە «سەھىھ سەھىفە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھەدىسلەرنىڭ توپلام بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بۇ سەھىفىدىكى ھەدىسلەرنىڭ سانى 138 بولۇپ، ئۇلار ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەد كىتابىغا تولۇقى بىلەن كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرى «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ ھەر قايسى بابلىرىغا بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋفا، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىق ساھابىلەرمۇ سەھىفە ئاتىلىدىغان ۋاراقلارغا ھەدىسلەرنى يازغان، يۇقىرىقىلاردىن بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە سەھىفەسىنى يېزىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى، ئابدۇللاھ تاكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغانغا قەدەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ھەدىسلەرنى قۇرئاننى خاتىرىلىگەندەك ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەش بولمىسىلا مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا قىسمەن خاتىرىلەشكە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش كېسىلىدە قاتتىق ئاغرىپ ياتقاندا، ئۇ **"ماڭا يازىدىغان نەرسە بېرىڭلار، مەن سىلەرگە شۇنداق بىر نەرسە يېزىپ بېرەيكى، بۇندىن كېيىن ئازمايسىلەر"** دېگەن. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ئېغىر دەپ ئۇنىڭ بىر نەرسە يېزىشىغا قوشۇلمىغان. بۇنىڭدىنمۇ ھەدىسلەرنى خاتىرىلەشكە بولىدىغانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىكەنلىكى چىقىدۇ، چۈنكى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ بىر نەرسە يېزىپ بەرمەكچى بولغانلىقى ۋاپات بولۇشىدىن 4 كۈن بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى.

بەزى ساھابىلەرنىڭ يازغانلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىك ئىشىغا كەلسەك، بۇ كىشىلەرنىڭ يېزىلغان ھەدىسلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى يادلاشقا تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئۇلارنىڭ ئەنسىرىگەنلىكىدىن بولغان، ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ يېزىقتا يۆلىنىۋېلىپ يادلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن قورققان، شۇنىڭدەك يېزىپ قالدۇرغان ھەدىسلەر جاھىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلار چۈشەنمەستىن پەتۋا بېرىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن، ئۇنىڭ گۇناھى ھەدىسنى ئەسلى خاتىرىلەپ يازغۇچىغا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھەدىسلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى قۇرئان بىلەن بىر سەھىفىدە يېزىلماسلىق شەرتى ئاستىدا تار دائىرىدە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ دائىرىدە خاتىرىلەش يولغا قويۇلمىغان. بۇ چاغدا ھەدىسلەرنىڭ تارقىلىشى ئاساسەن يادلىنىپ كۆڭۈللەردە ساقلىنىش، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىش بىلەن داۋاملاشقان. (داۋامى بار)

## مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمي «قۇرئان كەرىم»

مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى سالار مىللىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەنىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن مىللەت بولۇپ 700 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئۇلار كېلىش ۋاقتىدا بىر دانە «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كەلگەن. مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ بېكىتىشىچە، بۇ قولىيازما «قۇرئان كەرىم» 8-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە بايقالغان ئەڭ قەدىمي «قۇرئان كەرىم» ھېسابلىنىدۇ. 30 پارە، 867بەتلىك، كەركىدان تېرىسىدە مۇقاۋىلانغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئىككى توپلام قىلىپ تۈپلەنگەن، ئىچىدىكى ھەر بىر پارە بىر پارچە قىلىپ، ھاۋا رەڭلىك يىپەك بىلەن بېزەلگەن. 1954-يىلى بۇ قۇرئان سۈرىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن "ھازىرقى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل نۇسخا" دەپ مەدھىيىلەنگەن. 1958-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىغا ئېلىپ كېلىنىپ ساقلانغان. 1982-يىلى سالار ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەنە ئەسلىدە ساقلىنىپ كەلگەن شۈنخۇا ناھىيىسىدىكى جېزى جامەسىگە ئېلىپ بېرىلىپ ساقلانغان. بۇ قۇرئان سالارلارنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئىسلام دىنى تەتقىقاتىدىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، جۇڭگودىكى قىممەتلىك مىللىي، دىنىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ قۇرئان مەبلەغ ۋە تېخنىكىلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ساقلىنىش شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولۇپ، چىرىش، ئۇپراش ۋە ئوغرىلىنىش خەۋپىگە يولۇققان. يېقىندا مەركەز رەھبەرلىرىدىن جيا چىڭلىن، لى چاڭچۈن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئاسراش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. دۆلەتلىك ئاسارىئەتىقىلەر ئىدارىسى ئۇنى ئاسراش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئاسراشقا 1 مىليون 500مىڭ يۈەن ئاجراتتى. (مەھمۇدى)

# ئىسلام دىنىنى بۇزمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى*

دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق

## ئىسلام تەلىماتلىرى ئۈستىدە قويۇلغان بىر نەچچە سوئاللار

بىرىنچى، روزا تۇتۇش ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزەمدۇ؟

1. روزا ئىسلام دىنى ئۈچۈنلا پەرز قىلىنغان ئەمەس، «قۇرئان كەرىم» بىزگە روزىنىڭ ئىلگىرىكى قەۋملەر ئۈچۈنمۇ پەرز قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. **"ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى"**{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 183-ئايەت}. باشقا بەزى دىنلارمۇ تا بۈگۈنگە قەدەر روزا تۇتۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە، ئەمما ئىسلام دىنىدىكى روزا بىلەن باشقا دىنلاردىكى روزا تۇتۇش پەرقلىنىدۇ. ئىسلامدىكى روزا ھىجرىيە كالېندارىنىڭ مۇئەييەن ئېيىدا بولىدۇ، روزىدار كىشى شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە، سۈبھى تاڭ يورىغاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا يېمەك-ئىچمەك، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى چەكلىشى لازىم. يەنى مۇسۇلمان بولغان كىشى كۈندۈزدە ئەمەل-ئىبادەت، سەئيى-ئەمگەك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە روزىدار ھالەتتە يۈرىشى كېرەك. شۇڭا، بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىدىكى روزا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارىغان.

2. روزا ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تۆھمەت-ئاھانەتلەردىن بىگۇناھ. روزا كىشىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە روھىنى پاكلاشتا، ئىچكى دۇنياسىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ كىشىگە روزىسىز ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتىنمۇ بەكرەك تاقەت ئېلىپ كېلىدۇ، كىشىدە روھى كۈچ-قۇۋۋەت بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەل-ئەمگەككە بولغان قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا روزىدار ھالەتتە تۇرۇپ بەدرى غازىتىگە ئاتلانغان ھەم نۇسرەت قازانغان. مىسىر قوشۇنلىرى 1973-يىلى رامىزان ئېيىدا جەڭگە ئاتلىنىپ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئىلگىرىكىلەرمۇ، كېيىنكىلەر روزىدار ھالەتتە تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتلىرىنى يوقىتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، تېخىمۇ جۇشقۇنلىشىپ، غەيرەت-جاسارىتىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلغان.

3. بەزى ئىسلام ئەللىرىدە سادىر بولۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا روزا بىۋاسىتە سەۋەب بولمايدۇ، بۇنىڭغا شۇ جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ رامىزان كېچىلىرى تۈنەپ، كۈندۈزلىرى ئارام ئېلىشلىرىدەك ئادەتلىرى سەۋەب بولغان. ئۇلار بۇ خىل ئادەتنىڭ نەتىجىسىدە كۈندۈزلىرى ئۆزلىرىنى ھارغىنلىق ھېس قىلىشىدۇ، ئۇلار بىز روزىدار كىشىلەر دېگەننى باھانە قىلىپ خىزمەتكە بەك بېرىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار دېگەندەك، روزا خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ ئەسلىدە چۈشتىن بۇرۇن ئەمەس بەلكى چۈشتىن كېيىن كۈن پېتىش ئەتراپىدا تەسىرى بولۇشى كېرەك ئىدى.

4. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، روزا تېببىي، روھىي، ئىجتىمائىي ۋە تەلىم-تەربىيە جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك پايدىلارنى ئېلىپ كەلگەن. مۇسۇلمانلارغا مۇشۇنداق مۇھىم بىر پۇرسەت يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تەكشۈرىدۇ، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلىشىپ تەۋبە قىلىشىدۇ، قەلبلىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن پاك قىلىدۇ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يامان ئىللەتلەرنى تازىلاشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. دېمەك، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا يۈكسىلىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە، مۇسۇلمانلارنى ئىخلاسمەنلىك پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، بايلار پۇل-ماللىرىدىن زاكات ئاجرىتىش

*باش قىسمى ئۆتكەنكى سانىدا

بىلەن ئاللاھنىڭ ساۋابىغا كەمبەغەللەردىن ئاسانراق ئېرىشەمدۇ؟

1. ئىسلامدىكى زاكات پەرزى دۇنيا ئىقتىساد تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى تەرتىپلىك باج-سېلىق تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرىكى خان-پادىشاھلار باج-سېلىقنىڭ مىقدارىنى خالىغانچە بېكىتىپ كەمبەغەللەرگە زور ئېغىر بېسىملارنى ئېلىپ كېلەتتى، بايلار بولسا بۇنىڭدىن خالىي بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھېچ دەخلى-تەرۇزسىز ساقلاپ قالاتتى. ئىسلام دىنى روناق تېپىپ زاكات پەرزى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىقدارى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، بۇ پەرز بايلارغا ۋە ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرگە بېكىتىلىپ، كەمبەغەللەردىن ساقىت قىلىندى. زاكات مالىيە تۈزۈم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش دىنىي ئىبادەت يۈكسەكلىكىدە قارىلىپ، ئىقتىسادىي ئىمكانىيەت ھازىر بولغان كىشىلەرگە پەرز قىلىندى. زاكات ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ زورلۇقى بىلەن ئاجرىتىلماي، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى، ئۇنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئاجرىتىلىدىغان بولدى.

2. پەيغەمبەر زامانىدىكى كەمبەغەل مۇسۇلمانلار بايلارغا ئوخشاش زاكات بېرەلمىگەنلىكلىرىدىن ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدىغان بولدۇق دەپ ھېس قىلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆڭلىدىكى بۇ غەم-ئەندىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ ئېيتىشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، ئاللاھقا كۆپ تەسبىھ-تەھلىل، ھەمدۇ-سانا ئېيتىشنى تاپىلىغان. يەنى ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھقا تەسبىھ، ھەمدى، تەكبىرلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئېيتىشقا يەنى سۇبھانەللاھ (ئاللاھ ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، ئەلھەمدۇلىللاھ (جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ)نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم، ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ)نى ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئېيتىشقا ئۈندىگەن ھەمدە بۇلارنىڭ ساۋابىنىڭ بايلارنىڭ ئاجراتقان زاكاتلىرى بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى، بايلار زاكات ئاجرىتىشتىن باشقا يەنە تەسبىھ-تەھلىل ۋە ھەمدۇ-سانالارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىرىگە ۋە مەڭگۈلۈك ئازۇ-نېمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولالايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

3. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئەۋزەل بولۇشى ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئۆلچىنىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر"** {سۈرە«ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13-ئايەت}. بۇ يەردىكى تەقۋادارلىق ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بەجا كەلتۈرگەن جىمى ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەمەللەرنىڭ دىنىي ياكى دۇنياۋى ئەمەللەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، زىيانلىقنى دەپئى قىلالايدىغانلا بولسا بولۇۋېرىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش زاكات ۋە باشقا دىنىي ئەمەللەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا كۇپايە بولمايدۇ، بەلكى يەنە، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئەمەللىرى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنساندا بولىدىغان نىيەتكە زور ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ نىيەت بىلەن باغلىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **"ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەر كىشىگە ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ھەدىس شەرىفى بۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھەدىس شەرىفنىڭ مەنىسى شۇكى، كەمبەغەل-پېقىرلار گەرچە زاكات چىقىرالمايدىغان بولسىمۇ ئەمما چىن نىيىتىدە شۇنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئۇلار شۇ خالىس نىيىتىنىڭ ساۋابىنى كۆرىدۇ. بايلار كىشىلەر ئارىسىدا سولەتۋازلىق قىلىش مۇددىئاسى بىلەن زاكات چىقارغان بولسا، ئۇلار بۇ نىيەتلىرى بىلەن ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

(ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ھاجى كېرەم؛
تەھرىرلىگۈچى شەمشىدىن ھاجى)

## دىنىي ساھەدىكى ئىككى نەشرىيات يىغىنى ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدىكى «جۇڭگودىكى دىنلار» ژۇرنىلى نەشرىياتى بىلەن دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى 2004-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە ۋۇخەن شەھرىدە تۆتچۆر-ئالاقە خىزمەت يىغىنى ئاچتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار ژۇرناللىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك دىنىي خىزمەت ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە خادىملىرى بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش، تىراژ تولاش، تارقىتىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. ژۇرنىلىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى ۋە يىغىن ئەھلىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

# زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى

◈ ئابدۇرەھمان مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش پەزىلىتى ۋە مەنپەئەتى زور ئۇلۇغ ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئۆز سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قۇدرىتىنى تونۇش، ئاللاھنى ماختاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا بىز ئېيتىمىزكى، ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشتۇر.

"زىكرى" كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ "يادىدا تۇتتى، ئېسىدە تۇتتى، ياد ئەتتى، ئەسلىدى، تىلغا ئالدى، مەدھىيىلىدى، سانا ئېيتتى..." دېگەندەك مەنىلىرى بار. بۇ يەردە "ياد ئەتتى، ئەسلىدى، تىلغا ئالدى، سانا ئېيتتى، مەدھىيىلىدى" قاتارلىق مەنىلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. "تەسبىھ ئېيتىش" دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇنىڭ "پاك دەپ بىلدى، مۇقەددەس دەپ بىلدى، ئۇلۇغلىدى، دۇئا قىلدى، ئىلتىجا قىلدى" قاتارلىق مەنىلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز.

مەنىسىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتىكى، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش ھەم تىلغا ئاسان ھەم ساۋابى كۆپ ئىبادەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۆمىنلەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن. زىكرى-تەسبىھ ئېيتقۇچىلارنى ماختاپ ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار"** {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 41-ئايەت}. **"سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئاتا-بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 200-ئايەت}. **"ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 191-ئايەت}. **"ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى"** {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 35-ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتلەردىن زىكرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، زىكرى ئېيتماي غاپىل يۈرۈشنىڭ زور زىيان ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ زىكرى-تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى، ئىنساننىڭمۇ ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، زىكرى ئېيتقۇچى مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتە كاتتا ساۋاب، نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەييارلاپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشتىن كېلىدىغان پايدا ۋە ساۋاب ناھايىتى كۆپ. بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ يۈزدىن ئارتۇق پايدىسى بار ئىكەن. ئىمام ئەللامە ئىبنى قەييۇم رەھمەھۇللاننىڭ كىتابى «الوابل الصيب من الكلام الطيب» دا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ يەتمىش نەچچە تۈرلۈك خىسلىتى زىكرى قىلىنغان ئىكەن. ئىنسان ئۆز كۆڭلىنى زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئاشۇ نۇرغۇن خىسلەتلەردىن بىر نەچچىنى بايان قىلىمىز:

1. زىكرى شەيتاننى يىراقلاشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان گۇناھلاردىن ساقلايدۇ. زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش شەيتاننى يىراقلاشتۇرىدۇ ۋە ئازدۇرۇشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز. (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ"** {سۈرە «زۇخرۇف» (43-سۈرە)، 36-ئايەت}. **"تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا ئاللاھنى ئەسلەيدۇ-دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 201-ئايەت}. ھاسىل ئەشەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: **"مەن سىلەرنى ئاللاھنى**

**زىكرى قىلىشقا بۇيرۇيمەن. ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تۇرىدىغان كىشى ئارقىسىدىن دۈشمەن شىددەت بىلەن قوغلاپ كەلگەندە، پۇختا بىر قورغانغا كىرىپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك بەندىمۇ ئۆزىنى شەيتاندىن پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئارقىلىقلا ساقلاپ تۇرالايدۇ».**

يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىنسان ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، شەيتان دائىم ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىدۇ ۋە يامان ئىشلارنى ياخشى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ياخشى كۆرسەتكەندەك ھازىرقى كىشىلەرگە، جازانە، قىمار، ھاراق، زىنا قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق شەيتان ئۆزىنىڭ "پەرۋەردىگارىم، سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا ئەلۋەتتە(گۇناھلارنى) چىرايلىق كۆرسىتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا" دېگەن رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. شەيتاننى يىراقلاشتۇرۇش، ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتىدۇر. يۇقىرىقى ھەدىس شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش ئارقىلىق بەندە ئۆزىنى ئۇرۇشقاق دۈشمەن(شەيتان)دىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغانغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر مۆمىندە دائىم ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇش خىسلىتى بولۇشى كېرەك. شەيتان بەندىنىڭ ئىچىگە پەقەت ئۇنى غەپلەت باسقان چاغدا غەپلەت ئىشىكىدىنلا كىرەلەيدۇ. شەيتان بەندىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. قاچانكى، بەندە غەپلەتتە بولسا، شەيتان ئۇنىڭ دىمىغىغا چىقىپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئاللاھنى ياد ئەتسە يوقايدۇ. شۇڭا ئۇ"وسواس الخناس" يەنى "قەلبلەرگە ۋەسۋەسە سالغۇچى، ئەگەر ئاللاھ زىكرى قىلىنسا يوقالغۇچى" دەپ ئاتالغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قەلبىگە چاپلىشىپلا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ، زىكرى قىلىشتىن غاپىل يۈرسە ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھنى زىكرى قىلسا يوقىلىدۇ". دېمەك، بەندە ئۆزىنى پەقەت ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش بىلەنلا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن، ۋەسۋەسىسىدىن ساقلاپ قالالايدۇ. مانا بۇ زىكرىنىڭ بۈيۈك پەزىلىتىنىڭ بىرىدۇر.

2. زىكرى ئىنسانغا روھىي جەھەتتىن خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. مۆمىن ئادەم ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئاللاھقا سۆيۈنۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىۋاتقانلىقىدىن خوش بولۇپ قەلبى يايراپ كېتىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىپ، تەسبىھ ئېيتقاچقا شەيتان يېقىن يولىيالمايدۇ، شۇڭا كۆڭلى خاتىرجەملىككە چۆمۈپ تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ ھەمدە ئاللاھنىڭ زىكرى-تەسبىھ ئېيتقۇچىلارغا كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە شۇ ئىنئاملارنىڭ ئىلھامى بىلەن دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەت، غەم-قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى چەكسىز خۇشال ھېس قىلىدۇكى، خۇددى ئاللاھ سۇبھانەھۇۋەتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلغاندەك: "**(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**"{سۈرە«رەئد»(13-سۈرە)، 28-ئايەت}. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە "**ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**" دېگەنلىكى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى بىئاراملىق، پاراكەندىلىك ئاللاھنى ياد ئېتىش ئارقىلىق يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا خۇشخۇيلۇق، خاتىرجەملىك، ئارامبەخشلىك ئورۇنلىشىدۇ.

زىكرى-تەسبىھ قەلبنىڭ ھاياتى شۇنداقلا قەلبنىڭ ۋە روھنىڭ ئوزۇقى. ئەگەر بەندە ئاللاھقا زىكرى ئېيتىشنى تەرك ئەتسە، روھتىن ئايرىلغان جەسەتكە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. قەلب پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەنلا تىرىك تۇرىدۇ. شۇڭا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللا: "زىكرى- تەسبىھكە نىسبەتەن قەلب خۇددى سۇغا تەشنا بېلىقتۇر. ئەگەر بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ھالى قانداق بولىدۇ؟" دېگەن. دېمەك، ھەر بىر مۇسۇلمان كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن دېسە، چوقۇم ئۇنىڭ تىلى زىكرىدىن خالىي بولمىسۇن!

3. زىكرى ئېيتقۇچى بەندىنى ئاللاھمۇ ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ياد ئېتىشىگە مۇۋەپپەق بولۇش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت، ئەڭ زور مۇۋاپپەقىيەتتۇر. ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان ئادەم ياكى مىللەت بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە خار، زەبۇن بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىمۇ بىرەر ئادەم مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتسە خارلىنىپ، بىچارىلەرچە تەنھا ئۆتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بارلىق كائىناتنىڭ پادىشاھى، بۈيۈك ئۇستۇنلۇك ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەم نېمە بولماقچى؟ زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش يەنىلا ئاشۇ كاتتا نېمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى.

چۈنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى ئېيتقۇچىلارنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”**مېنى(تائەت-ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى(ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن**“ {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 152-ئايەت}. ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس قۇددۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: ”**بەندەم ماڭا زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپىي زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا مەخپىي ساۋاب بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا جامائە بار يەردە زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشى جامائە بار يەردە ساۋاب بېرىمەن**“. يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەگەر مۆمىن ئادەم چىن ئەقىدە بىلەن ئاللاھقا زىكرى ئېيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كاتتا نېمەتلەر بىلەن ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.

4. زىكرى گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. گۇناھلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مۆمىن ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ نىجاتلىقتۇر. گۇناھ بىلەن جەننەتكە كىرىش مۇمكىن بولمايدۇ. لېكىن مېھرىبان ئاللاھ ئۆزىگە زىكرى-تەسبىھ ئېيتقۇچىلارنى ئۆز شاپائىتى قوينىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ-دە، ئاندىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. مانا بۇ زىكرى ئېيتىشتىن كېلىدىغان نىجاتلىقنىڭ بىرىدۇر. مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى كۈنىگە سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى (ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمەن ۋە مەدھىيىلەيمەن) نى يۈز قېتىم ئېيتسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ يوققا چىقىرىلىدۇ**“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

5. زىكرى ئاللاھنىڭ زور نېمەتلىرىگە نائىل قىلىدۇ. ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ئەڭ پائالىيەتچان ئەزاسى تىلدۇر. ئىنساننىڭ ھەر قانداق ئەزاسى تىلدەك كۆپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. تىلنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانچە ئېنېرگىيە كەتمەيدۇ. لېكىن تىلدىن كېلىدىغان بالايى ئاپەتلەرنىمۇ، پايدا-مەنپەئەتلەرنىمۇ كىچىك ساناشقا بولمايدۇ. مۇئازدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام): ”’**ساڭا ئىشلارنىڭ كاتتىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر ئىشتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟**‘ دېدى. ’بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى‘ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلىنى كۆرسىتىپ، ’**سەن تىلىڭنى (مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردىن) تۇت**‘ دېدى. مەن: ’ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىز سۆزلىگەنلىرىمىز سەۋەبلىكمۇ جازالىنامدۇق؟‘ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’**ھەي مۇئاز، كىشىلەرنىڭ دوزاخقا يۈزلىرىچە، بۇرۇنلىرىچە تاشلىنىشىغا ئۇلارنىڭ تىللىرى سەۋەبچىدۇر**‘ دېدى“. مانا بۇ ھەدىستىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردىن تىلنى يىغىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، تىل دېگەن يۇمشاق نەرسە، قاياققا قويۇۋەتسەك كېتىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك، تىلىمىزنى مۇناسىۋەتسىز ناچار گەپ-سۆزلەردىن يىغساق، تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەردە ئېيتىلغاندەك، ئاللاھنىڭ كاتتا ئىنئاملىرىغا نائىل بولىمىز. ”**ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى**“ {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 35-ئايەت}. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**كىمكى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، ھەممە ئۇنىڭ مۈلكىدۇر، بارلىق ھەمدۇ ئۇنىڭغا خاستۇر، ھەممىگە قادىردۇر› دېگەننى بىر كۈندە يۈز قېتىم دېسە، ئادىل ئون كۈزەتچى پەرىشتە ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىقنى يازىدۇ ۋە كەچ كىرگۈچە شۇ كىشىنى شەيتاندىن ساقلايدۇ. زىكرىنى كۆپ ئېيتقان كىشى تاپقان پەزىلەتتىن ياخشىراق پەزىلەتنى ھېچكىم تاپالمايدۇ**“ دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**‹سۇبھانەللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر› دەپ ئېيتىشىم مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكرەكتۇر**“ دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئېيتىشتا تىلغا يەڭگىل كېلىدىغان، مىزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەلىنى تارتىدىغان تارازا)دا ئېغىر كېلىدىغان، ئاللاھقا ياقىدىغان ئىككى سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ ‹سۇبھانەللاھىلئەزىم(ئۇلۇغ ئاللاھنى پاك دەپ تەرىپلەيمەن)›، ‹سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى› دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، بىز قول-پۇت ۋە باشقا ئەزالار ئارقىلىق نۇرغۇن كۈچ ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلىپ ئېرىشەلمىگەن كاتتا نېمەتلەرگە تىلىمىز ئارقىلىق ئېرىشىمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭ بىزگە ئىبادەت يوللىرىنى مۇشۇنداق ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىمۇ بىز ئۈچۈن زور نېمەت.

6. زىكرى-تەسبىھنى كۆپ ئېيتىش ئىنساندا دائىم زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش خىسلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. زىكرى-تەسبىھنى كۆپ ئېيتىش دائىم ئاللاھقا ۋە پەرىشتىلەرگە دۇرۇت ئېيتىشقا كۆندۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە دۇرۇت ئوقۇيدىكەن نىجات تاپىدۇ. ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە رەھمەت ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار(چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەللى ھېسابلىنىدۇ). ئاللاھ سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا(يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر**''{سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 41—43-ئايەت}. دېمەك، بىز ئۆزىمىزدە دائىم زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنى يېتىلدۈرۈۋالالىساقلا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان بارلىق پەزىلەتلەر بىزدە ئەمەلىيلىشىدۇ.

زىكرىنىڭ بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەزىلەتلىرى بار. بىز ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندىكى ھەدىستە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. زىكرى جەننەتنىڭ كۆچەتلىرى بولۇپ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئىسرا كېچىسى ئىبراھىم خەلىلۇللاھنى ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا: 'ئەي مۇھەممەد، ئۈممىتىڭگە مەندىن سالام ئېيت. ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىنكى، جەننەتنىڭ تۇپراقلىرى پاك، سۈيى شېرىن، ئۇ بولسا قەيئان (دەرەخسىز)دۇر. ئۇنىڭ كۆچەتلىرى ‹ئاللاھنى پاك دەپ تونۇيمەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىمەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھ ئۇلۇغ›، دېيىشتۇر' دېدى**''. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى 'سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى'(ئاللاھ پاكتۇر، ماختاشقا ئەڭ لايىقتۇر) دېسە شۇ كىشىگە جەننەتتە بىر خورما دەرىخى تىكىلىدۇ**''(تىرمىزى رىۋايىتى). بۇ مەندىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

2. زىكرى زىكرى ئېيتقۇچى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ. يەنى زىكرى كىشى قەلبىنى يورۇق قىلىدۇ، ئۆلگەندە جايىنى نۇر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كۇفرى) بولۇپ، بىز ئۇنى(يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن)تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە(يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟**''{سۈرە «ئەنئام»(6-سۈرە)، 122-ئايەت}. بۇ ئايەتتىكى بىرىنچى كىشى بولسا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنى سۆيۈش، ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھقا زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش ئارقىلىق قەلبى نۇرلانغان كىشىدۇر. ئىككىنچى كىشى بولسا، ئاللاھنى تونىمىغان، ئاللاھقا زىكرى ئېيتىش ۋە ئاللاھنى سۆيۈشتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىدۇر. دېمەك، بارلىق شان-شەرەپ ۋە نىجاتلىق نۇر ئىچىدە بولىدۇ، ئۇ نۇر بولسا ئاللاھقا زىكرى ئېيتىشتىن كېلىدۇ.

بىز سۆزىمىزنى بىر نەچچە ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچى. ''**پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن**'' {سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، 205-ئايەت}. ''**ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن(يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمدە ئېيتقىن**'' {سۈرە «تاھا»(20-سۈرە)، 130-ئايەت}. ئابدۇللا ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم: ''ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئورۇندايدىغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرى كۆپ ئىكەن، مەن مەھكەم تۇرىدىغان بىرەر ئىشنى ئېيتىپ بەرسىڭىز'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**سېنىڭ تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھنىڭ** زىكرى بىلەن بولسۇن'' دېدى (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ''**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇراتتى**''.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئاخىرەتتە جەننەت ئاتا قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان قەلبىنى پاكلاشتىكى تەسىرى

ئابدۇقادىر ئابدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا، ئىبادەتنى خالىس قىلىشقا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچى، كائىناتنى كونترول قىلغۇچى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزگەرتكۈچى، بېرىدىغان، مەھرۇم قىلىدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، تىرىلدۈرىدىغان، قەبزى روھ قىلىدىغان زات بولۇپ، ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىدا شېرىك يوق، ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە لايىق ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

مانا بۇ ئېتىقاد كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدۇ، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ خۇراپاتلىرىدىن، شېرىك كەلتۈرۈش گۇمانلىرىدىن، شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ گۇناھ مەئسىيەتلىرىدىن ئىنسان قەلبىنى پاكلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبى ماددىغا ياكى ھايۋانغا چوقۇنۇشقا مايىل بولمايدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىرەر شەخسنى ئىلاھىيەتلىك بىلەن سۈپەتلىمەيدۇ.

ئىسلام دىنى تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى پەرز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنسان قەلبىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

ئىسلام دىنى نامازنى پەرز قىلدى. كىيىم-كېچەك، بەدەن، ئورۇن قاتارلىقلارنى پاكىز قىلىشنى نامازنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن قىلدى. ئىنسان سىرتقى ئەزالىرىنى ماددىي كىرلەردىن پاكىزلاپ، ئىچكى دۇنياسىنى مەنىۋى كىرلەردىن پاكلاپ، ئاللاھقا مۇناسىپ رەۋىشتە سانا ئېيتىپ، ھەر كۈنى قەلبىنى پەرۋەردىگارىغا بەش قېتىم يۈزلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش ئىنسان قەلبىدە تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئىنساننى ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ"** {سۈرە «ئەنكەبۇت» (29-سۈرە)، 45-ئايەت}. ناماز ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇپ، ئىنسان قەلبىدە خاتىرجەملىك پەيدا قىلىدۇ، ئىنسانغا يامانلىق يەتكەندە ۋايساش ئۇنىڭ قەلبىگە ئېغىر كەلمەيدۇ. ناماز ئىنسان قەلبىنى ياخشىلىق قىلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ، ئىنسانغا ياخشىلىق يەتكەندە، ئۇ بېخىللىق قىلمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچ تەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر"** {سۈرە «مائارىج» (70-سۈرە)، 19-23-ئايەتلەر}.

ئاللاھ رامىزان ھەققىدە: **"رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن"** دېگەن {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 185-ئايەت}. رەسۇلۇللاھمۇ بۇ ھەقتە: "**كىمكى ئىشىنىپ ۋە ئاللاھ** رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتسا، **ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ**" (ئەھمەد، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان) دېگەن بولۇپ، رامىزان ئىنساندا راستچىللىق، سەۋر قىلىش، قانائەت قىلىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، كۈچلۈك ئىرادە، قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش قاتارلىقلارنى يېتىلدۈرىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان رامىزان ئارقىلىق پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى، ساۋابقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئىنساننى ئىختىيارىي قويۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا كۆزەتچى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق قاتتىق يەتكەندە، ئالدىدا ياخشى تائاملار ۋە تاتلىق ئىچىملىكلەر بولسىمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھقا بەرگەن

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە يېيىشتىن باش تارتىدۇ. ھەر يىلى ئىختىيارىي روزىدىن باشقا ئاشۇ ئوتتۇز كۈننى تەكرارلاشتا مۆمىن قەلبىدىكى مۇشۇ پەزىلەتلەرنى كۈچەيتىدىغان ئامىللار بار. ئىنسان رامىزان ئارقىلىق ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلەر قولدىن كەتكەندە، ئۇنىڭ مىقدارىنى، ئۇ نېمەتلەر بىلەن مەرھەمەت قىلىشتىكى ئىلاھىي ئېھساننىڭ ئورنىنى تونۇيدۇ.

ئاللاھ پېقىرنىڭ ھاجىتىنى قامداش، قەرزدارنىڭ غەم-قايغۇسىنى يوقىتىش، مۇساپىرلارغا قۇلايلاشتۇرۇش، بارلىق ياخشىلىق يوللىرىغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن زاكاتنى پەرز قىلدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە: "**نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار**" دېگەن {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 110-ئايەت}. زاكات مۆمىننى ياخشىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. مۆمىننىڭ قەلبىدە مېھىر-شەپقەتنى كۈچەيتىدۇ. نامراتلارنىڭ قەلبىدىن تۇرمۇشى باياشات بايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى چىقىرىۋېتىدۇ. نامراتلارنىڭ قەلبىگە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاللاھ ھەج قىلىش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "**ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 96-، 97-ئايەت}. ھەج پائالىيەتلىرى كۆڭۈللەرگە باراۋەرلىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەج پائالىيىتىدە دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىدىن خالىي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە پەقەتلا ئېھراملىق بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىدىن قورقۇپ بويسۇنغۇچىلاردۇر. ھەجدە باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ، باشلىق بىلەن سەرگەرداننىڭ ئارىسىدا پەرق بولمايدۇ. بۇ يەردە كۆڭۈللەر ئارام تاپىدۇ. ھاياتى دۇنيانىڭ زىننىتىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، يۈز-ئابرۇي ئارقىلىق ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلىش بىلەن مال-دۇنيا ئارقىلىق تەكەببۇرلۇق قىلىشنىڭ لايىق بولمايدىغانلىقىنى تونۇيدۇ.

ئىسلام دىنى شۇنىڭدەك ئەقىلنى بۇزىدىغان، ئابرۇينى تۆكىدىغان، ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە مېلىنى ئېلىپ كېتىدىغان، كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت سالىدىغان ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ مېلىنى ئورۇنسىز ئىگىلىۋېلىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش، باشقىلارغا ئازار بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى چەكلەيدۇ.

ئاللاھقا تولۇق ئىشىنىدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن پەرزنى توغرا يول بويىچە ئىجرا قىلىدىغان، ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئەندىشە قىلىپ ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن يانىدىغان ئادەمدە كاتتا تالانتلار يېتىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قەلبى رەزىللىك ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان قەلبىنى پاكلاشتىكى تەسىرى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلىلەردە ئاشكارا بولىدۇ. كىمكى ئىخلاسمەن، چەكلەنگەن ئىشلاردا توختىغۇچى، بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلغۇچى بولسا، ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولىدۇ، ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىنى، يېقىن تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ. قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆيلەنگەن بولسا، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئۆتكۈر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ. قوشنىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمەيدۇ، يۈز-ئابرۇيىغا، مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ. غەيۋەت قىلمايدۇ. گەپ توشۇمايدۇ. سۆزلىسە يالغانچىلىق قىلمايدۇ. ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلمايدۇ. ئېلىم-سېتىم قىلسا ئالدامچىلىق قىلمايدۇ. ئۆلچەم تارازىدا كەم بەرمەيدۇ. بىرەر ئىش تاپشۇرۇلسا پۇختا قىلىدۇ. ئىشنى ئارقىغا سوزۇۋەتمەستىن، كېچىكتۈرۈۋەتمەستىن تېخىمۇ مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا دۇچ كەلگەندە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە قارايدۇ، ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئىسلام دىنى بۇيرۇق، چەكلىمە، گۈزەل ئەخلاقلارنى ماختاش، ناچارلىرىنى سۆكۈش ئارقىلىق ئىنسان قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئىنسان پائالىيەتلىرىدە ئاشكارا بولىدۇ، ئىنسان پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ئىنسانلارنى ياخشىلىق يوللىرىغا، تولۇق مەنپەئەتكە يېتەكلەيدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئامانەتنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىق توغرىسىدا

ياقۇپ ئوسمان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 58-ئايەت}. مۆمىن قېرىنداشلار، بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى ناھايىتى كاتتا ئىككى ئىشقا ئەمر قىلىدۇ ۋە ئىسلامنىڭ ئەدەبلىرىدىن بولغان ئىككى ئەدەپكە ئۈندەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئامانەتنى ياخشى ساقلاپ، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش. «تەپسىر جالالەيىن» دە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مەككىنى فەتھى قىلىشنى نېسىپ قىلغۇيدى، پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن كەئبىگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلدى، بۇ چاغدا كەئبە تاقاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى كەئبىگە قارايدىغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇن دېگەن كىشىدە بولۇپ، ئۇ تېخىچە مۇشرىك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى ئوسماندىن ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھەزرىتى ئەلى ئوسماننىڭ يېنىغا باردى. ئوسمان ئاچقۇچنى بەرمەستىن قوپاللىق بىلەن: "ئەگەر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلسەم ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بېرەتتىم" دېدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭ قولىدىن قايرىپ تۇرۇپ ئاچقۇچنى ئالدى. ئاندىن پەيغەمبەرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ كەئبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە پەيغەمبىرىمىز كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىككى رەكئەت شۈكرى ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ كېلىپ ئاچقۇچنى بېرىشنى سورىدى. ئۇ ئەسلىدە ھاجىلارنى سۇغىرىشقا مەسئۇل ئىدى ۋە سۇغىرىش بىلەن بىرگە كەئبىگە قاراشنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئويلايتتى. چۈنكى ئوسمان تېخىچە مۇشرىك ئىدى. ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن كەئبىنىڭ ئاچقۇچى مۇشرىكنىڭ قولىدا تۇرۇشى لايىق ئەمەس ئىدى. پەيغەمبىرىمىز تاغىسىغا قانائەتلىنىپ ئاچقۇچنى تاغىسىغا بەرمەكچى بولۇۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئېلىپ چۈشتى: **"شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 58-ئايەت}. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى ئاچقۇچنى ئوسمانغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئۆزرە ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەزرىتى ئەلى شۇنداق قىلىۋىدى، ئوسمان ئەجەبلىنىپ: "ئى ئەلى! ئىلگىرى كېلىپ مەجبۇرىي ئازار قىلىپ ئېلىپ كەتتىڭ، ئەمدى چىرايلىق ئۆزرە ئېيتىپ ئېلىپ كەپسەن!" دېدى. ھەزرىتى ئەلى: "ئى ئوسمان! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ ھەققىڭدە ئايەت چۈشتى" دەپ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق دېدى: "ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئاللاھ بەيتۇللا كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى تەلھە ئائىلىسىنىڭ تۇتۇشىغا بۇيرۇدى. ئى تەلھە ئائىلىسى، بۇ ئاچقۇچنى سىلەر تۇتۇڭلار، سىلەردىن پەقەت زالىمدىن باشقىسى تارتىۋالمايدۇ". شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاچقۇچ ئوسمان مەدىنىگە ھىجرەت قىلغۇچە ئۇنىڭدا تۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇكىسى شەيبىگە تاپشۇردى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تاپشۇردى ھەتتا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدا تۇرماقتا.

مۆمىن قېرىنداشلار، شۈبھىسىزكى، ئامانەت ئىماننىڭ سىرى، ھەقىقەتنىڭ نۇرى، پەيغەمبەرنىڭ زىننىتى، سالىھلارنىڭ ئالامىتى. ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىش بىر مىللەتتە ئومۇملىشىدىكەن ئۇ مىللەت دائىم

غەلىبە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇھاپىزەت قىلىش ھەممىدىن مۇھىمراق بولغان ئامانەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىدۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىگىمىز بۇيرۇغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇشتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى بولغان ئىكەنمىز ئەزالىرىمىزنى ئۇنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز ۋە ئەزالارنى ئۇ توسقان ئىشلاردىن يىراق قىلىشىمىز لازىم، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىكى ئامانىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزدىكى ھەر بىر ئەزانى مۇئەييەن بىر غەرەز بىلەن ئىشلىتىشكە ياراتقان. ئەگەر ئۇنى ئاللاھ تائالا ئىشلىتىشكە ياراتقان ئىشقا ئىشلەتسەك ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلغان بولىمىز، ئۇنداق قىلمىساق، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىمىز. بىزنىڭ تىلىمىز ئاللاھتىن بېرىلگەن ئامانەتتۇر، ئەگەر ئۇنى يالغاندىن گەپ توشۇشتىن، غەيۋەتتىن، بىكار گەپلەردىن ۋە كىشىلەرنى تىللاشتىن ساقلاپ، ئاللاھ تائالانى زىكرى قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتسەك ئەلۋەتتە ئامانەتنى ياخشى ساقلىغان بولىمىز، ئاللاھ تائالا بىزلەرنى سالىھلار قاتارىغا يازىدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىز ھەم ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىكى ئامانىتىدۇر. ئەگەر ئۇنى ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق قىلساق ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالا ئىشلىتىشكە ياراتقان يەرگە ئىشلەتسەك ئامانەتنى ياخشى ساقلىغان بولىمىز، ئاللاھ تائالا بىزنى ئەمىنلەر قاتارىغا يازىدۇ. ئىككى قولىمىز ۋە ئىككى پۇتىمىز ھەم ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىكى ئامانىتىدۇر، ئاللاھ تائالا ئالدىدا ئۇلار ھەققىدە سورىلىمىز. يەنە ئەڭ مۇھىم ئامانەتلەر شۇكى، ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلارنى ئادا قىلىش ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئامانەتتۇر، سىلە-رەھىم قىلىش ئامانەتتۇر، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئامانەتتۇر، يېتىملەرگە ئورۇق-تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىش ئامانەتتۇر. زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، جازانە قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا چەكلىگەن بارلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىش ۋاجىپ بولغان ئامانەتتۇر.

قېرىنداشلار! مانا مۇشۇنىڭدەك، ئىسلامدىكى ئامانەت دېگەن لەۋزى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي لەۋزىدۇر. ئامانەتلەر پەقەت پۇل-مالغىلا خاس ئەمەس، بەلكى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىنسانلاردىكى بارلىق ئەزالىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلبىتىكى ئاللاھ تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان سىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئامانەتنى ساقلاشقا سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈردى. ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ ئىمانىنى ئىنكار قىلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: **"مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: ئەگەر گەپ قىلسا يالغان گەپ قىلىدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىدۇ"**.

قېرىنداشلار! ئامانەتنى ياخشى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى، ئۇ ئامانەت مەيلى شەخسنىڭ بولسۇن، مەيلى پادىشاھنىڭ بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام بىر جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۇ ھاياتىدا تىنچ-ئامانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىيانەت، خائىنلىق ۋە پەسكەشلىككە قارشى تۇرۇشى لازىم. ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن جۈمە مەسچىت خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(بېشى 38-بەتتە)

ئۆزىمىزنى تارتىپ ئېلىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، چوڭ-كىچىك ئىجتىمائىي يىغىلىشلارنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشىمىز، ئەجىر سىڭدۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا تاپقان پۇل-ماللىرىمىزنى ئىسلامىيەت بويىچە، ئىككىلا ئالەملىك بەخت-سائادەت ئۈچۈن سەرپ قىلىشىمىز يەنى مەسچىت-مەدرىسكە، مائارىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا، يول-كۆۋرۈك، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا، دوختۇرخاندا داۋالىنىشقا، يېتىم-يېسىر، بىچارە يوقسۇزلارغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئىككىلا ئالەمدە بەخت-سائادەتكە سازاۋەر بولالايمىز.

ئەھلى قېرىنداشلىرىمىز! ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق ئەخلەتلىرىنى بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاللاھ يولىدا بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيلى. ئامىن!

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيىسىدىن مەسچىت ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# «قۇرئان كەرىم» نىڭ قەدرىگە يېتەيلى


♥ ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى بولغان، مۇقەددەس، ئۇلۇغ ساماۋى كىتابتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇقەددەس كىتابنى بىز ئىنسانلارغا ئونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا(يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق.( ئۇ ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر"**{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 1-، 2-ئايەت}. **"بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسنى ياردەمگە چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار"**{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 23-ئايەت}. **"ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ"**{سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 88-ئايەت}. بىز يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەندىنىڭ سۆزى بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ دۇنيادىكى بارلىق كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان ۋە ھېچبىر ئوخشىشى بولمىغان، كىشىلەر ئوخشىتىمەن دەپمۇ(ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىكلىرىدەك) ئوخشىتالمىغان ھەم ئوخشىتالمايدىغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئالىيجاناب، ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى،



قەتئىي شەك بولمىغان، بۈيۈك كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. «قۇرئان كەرىم» چۈشكىلى 1400 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىپ قويماي ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. ھەر قانداق بىر كىشى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ ئويلانسىلا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان(مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى"** {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 82-ئايەت}. بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: ئەگەر قۇرئان راستتىنلا ئاللاھنىڭ غەيرىدىن بولغان بولسا، يەنى بەندىنىڭ سۆزى بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن(مەزمۇن جەھەتتىن ياكى تۈزۈلۈش، قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن) نۇرغۇن خاتالىق، سەۋەنلىكلەرنى ھەم بىر-بىرىگە زىت بولغان مەزمۇنلارنى تاپقان بولاتتى. ھازىرغا قەدەر «قۇرئان كەرىم»نى نۇرغۇن ئالىملار، پروفېسسورلار، دوكتورلار نەچچە يىل، نەچچە ئون يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى «قۇرئان كەرىم»دىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان مەزمۇنلارنى تاپالىغىنى يوق. بۇنىڭدىنمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەقەدەر مۇكەممەل، نەقەدەر مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ئىبادەت، سىياسى، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ئەخلاق، مۇئامىلە، ھېساب، ماتېماتىكىدىن

تارتىپ ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، مېدىتسىنا، فىزىئولوگىيە، تارىخ جەھەتتىكى ھەم دۇنيا خاراكتېرلىك ئىنچىكە ئىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھېچبىر كىتابتا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى باشقا كىتابلار بىر ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالسا يەنە بىر ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، يەنى «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھەرقانداق بىر كىتاب بىر ئىلىمنىلا يەكۈنلىيەلەيدۇ. خالاس. بىز مانا بۇنىڭدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى، پەزىلىتىنى ئېيتىپ، يېزىپ تۈگەتكۈسىز، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئېيتقىنكى پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەگەر (دېڭىز سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ دېڭىز سۈيى چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى كەلتۈرسەكمۇ"** {سۈرە«كەھف» (18- سۈرە)، 109- ئايەت}: **"ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز(سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى(يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ"** {سۈرە«لوقمان»(31-سۈرە)، 27- ئايەت}.دېمەك «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇنداق پەزىلەتلىرىنى بىر ئۆمۈر يازسىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ھەدىسىدىن ھەرقانداق بىر مۆمىن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭگۈشتەر قانۇنى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشىنى ۋە ئوقۇشىنى، بىلگىنىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ھەم شۇنداق قىلغان كىشىلەرنىڭ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئەمدى ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمان ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ باقايلى: بىز ئاشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يەتتۇقمۇ- يوق؟ «قۇرئان كەرىم»دىن مۇۋاپىق پايدىلاندۇقمۇ- يوق؟ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەققىنى ئادا قىلدۇقمۇ- يوق؟ ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بىرقىسىم كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يەتمەي، «قۇرئان كەرىم»نى بىررەر مۇسىبەت بولۇپ قالمىسىلا ئاياللاپ، يىللاپ بىررەر قېتىممۇ ئوقۇپ قويماي، ئۇنى ئاسارىئەتىقە بۇيۇمى ئورنىدا چىرايلىق رەختلەرگە ئوراپ تەكچە بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ ياكى قۇرئان ئايەتلىرىنى زىبۇزىننەت بۇيۇمى ئورنىدا تۇمار قىلىپ بويىنىغا ئېسىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بۇ بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەتلىگەنلىكىمىزمۇ ياكى خارلىغانلىقىمىزمۇ؟ ئۇبەيدەتۇل مۇلەيكى( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: **"ئى قۇرئان ئەھلى! قۇرئاننى ياستۇق قىلىپ يۆلىنىۋالماڭلار، قۇرئاننى كېچە-كۈندۈزنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا ھەقىقىي تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇڭلار ۋە ئۇنى تارقىتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭلارنى بېھاجەت قىلىڭلار، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار مۇمكىن. قۇرئاننىڭ ساۋابىغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، قۇرئان ئۈچۈن ئاخىرەتتە كاتتا ساۋاب بار"**( بەيھەقى شۇئىبىل ئىماندا رىۋايەت قىلغان). بەلكىم بەزىلەر: "كىچىك ۋاقتىمدا ئوقۇيالماي قاپتىكەنمەن، ھازىر ئوقۇي دېسەم تىلىم قېتىپ قاپتۇ، ئېغىزىم كەلمەيدىكەن" دېگەندەك بىر مۇنچە باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەرگىزمۇ سەۋەب بولالمايدۇ. ئەگەر بىز قىينالساقمۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆگەنسەك، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»نى قىينالماي ئاسان ئوقۇيالايدىغانلاردىن كۆپرەك ئەجىر(ساۋاب)بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر كىشى قىيامەت كۈنى ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىك پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە قوپىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەم بارچە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان كەرىم ئۇ ئادەمگە ناھايىتى مۇشەققەت تۇيۇلىدۇ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەم يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆگىنىدۇ. بۇنداق ئادەمگە ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ"**( بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىلى 15 يىلدىن ئاشتى، ئەگەر بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەبچىسىنى زادىلا ئۆگىنەلمىسەك، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىمۇ ئوقۇيالمىساق، ئوقۇيالايدىغانلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، قۇرئاننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئىشلىرىمىزنى ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە ئېلىپ بارساق ئەلۋەتتە يەنە ئوخشاشلا ساۋابقا ئېرىشىمىز ئەمەسمۇ! مۇئازىل جۇھەنى(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: **"بىر ئادەم قۇرئاننى ئوقۇسا ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا- ئانىسىغا بىر تاج كەيدۈرۈلىدۇ. ئۇ تاجنىڭ نۇرى دۇنيادىكى كۈننىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇقتۇر.**

**ئەگەر شۇ قۇياش سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ قالسا، قۇرئانغا ئەمەل قىلغان ئادەم ھەققىدە نېمە دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟**"(ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە قۇرئاننى ئوقۇپ ئەمەل قىلغۇچى كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېرىشىدىغان كاتتا دەرىجىلىرى سۆزلەنگەن. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا مۇشۇنداق كاتتا دەرىجە بېرىلگەن يەردە، قۇرئاننى ئوقۇغان كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەرىجىنىڭ بېرىلىشىدە شەك يوق. شۇڭلاشقا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ دۇئا قىلساق ئاللاھ چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ، ھاجەتلىرىمىزنى راۋا قىلىپ بېرىدۇ ھەم شۇنداقلا ھەربىر ھەرپىكە ئوندىن ياخشىلىق بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەجرە ساۋاب توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**بىر ئادەم ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپنى ئوقۇسا، ئۇ ئادەمگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ھەرپىگە يېزىلغان بىر ياخشىلىق ئادەتتىكى ياخشىلىقنىڭ ئونىنىڭ باراۋىرىگە توغرا كېلىدۇ. مەن الم( ئەلىف، لام، مىم) دېگەن سۆزنى بىر ھەرپ دېمەيمەن، 'ئەلىف' نى بىر ھەرپ، 'لام'نى بىر ھەرپ، 'مىم'نى بىر ھەرپ ھېسابلايمەن**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئادەم ھۇزۇرى قەلب بىلەن، قەلبى ۋە نىيىتىنى رۇسلاپ تۇرۇپ"الم"(ئەلىف، لام، مىم) دېسە، شۇ ئادەمگە ئوتتۇز ياخشىلىق ۋە ئوتتۇز ئەجرە يېزىلىدىكەن. بىزنىڭ ساۋابقا ئېرىشكىمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىمىز يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. شۇنداق ئىكەن قۇرئاننى دائىم ئوقۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەيلى.

يۇقىرىدا بىز «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان كىشىنىڭ دەرىجىسىنى بىلىپ يەتتۇق. ئەمدى ئۇنى ئۆگەنگەن كىشىنىڭ ساۋابىغا قاراپ باقايلى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**سېنىڭ ئەتىگەندە قوپۇپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىنىۋالغىنىڭ يۈز رەكەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ئەۋزەل**"(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە يۈز رەكەت نەفلە ناماز ئوقۇغىنىڭدىن «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەت ئۆگىنىۋالغىنىڭ ياخشى دەيدۇ. شۇڭلاشقا «قۇرئان كەرىم»گە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ ھەم ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىمىزنى ئاشۇ ئىلاھى قانۇننىڭ ھۆكمى بويىچە ئىلىپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەتكە كىرىشكە تىرىشايلى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ**" {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 9-ئايەت}. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم راست. بىز «قۇرئان كەرىم» بىلەنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**قانداق بىر ئادەم قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلانسا، قۇرئان ھالال دېگەن نەرسىلەرنى ھالال دەپ بىلسە، قۇرئان ھارام دېگەن نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلسە، ئۇ كىشىنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدىكى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغان ئون كىشىنى شاپائەت قىلساڭ بولىدۇ، دەپ شاپائەت ھوقۇقىنى بېرىدۇ**"(ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە، دارىمى رىۋايەت قىلغان). شاپائەت قىلىش ھوقۇقى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلىدىغان ئالاھىدە بىر ھوقۇق. ئەنە شۇنداق كاتتا ھوقۇق «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان، «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىگە ئەمەلىيلەشتۈرگەن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يولىيورۇقى بىلەن ماڭغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنغان كىشىگە بېرىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى قەدىرلەپ، ئۇنى دائىم ئوقۇپ، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دەردلىرىمىز(جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى كېسەللىمىز)گە شىپالىق تېپىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان دىللاردىكى دەرتكە(يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى**" {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 57-ئايەت}. مۇشۇنداق پەزىلەتلىك، مۇشۇنداق ئۇلۇغ، كىشىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان قۇرئاننى ئاللاھ بىزلەرگە بەرگەندىكىن، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زور ساۋاب، كاتتا دەرىجە ۋە بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىششىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئاللاھ تائالاغا قۇرئان ئوقۇپ قىلغان ئىبادەتتە يېقىنلاشقاندەك يېقىنلىشالمايمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىككى رەكەت نەفلە نامازغا رۇخسەت قىلغاندەك ئەۋزەل نەرسىگە رۇخسەت قىلمىدى**. بۇ كىشى

نامازنىڭ ئىچىدە بولىدىكەن، ئاللاھ تەرىپىدىن ياخشىلىق بېشىغا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بەندە ئاللاھقا **ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن قۇرئان بىلەن يېقىنلاشقاندەك يېقىنلىشالمايدۇ"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). دېمەك «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەم شۇ ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئاغزىدىن چىققان سۆز ۋە بەندىلەرنى ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ئۆگەتكەن بىر مۇئەللىم ھەم شۇنداقلا كىشىلەرنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدىغان نۇرلۇق مەشئەل. شۇڭلاشقا ھەممىلەن ئاللاھنىڭ: **"(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 3- ئايەت} دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى قەدىرلەپ، قۇرئانغا چىڭ ئېسىلايلى.

ئى ئاللاھ! ھەممىمىزگە «قۇرئان كەرىم»نى قەدىرلەيدىغان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس رەسۇلۇللاھقا ئۇيغۇن ئىش قىلىدىغان ۋە شۇنىڭ يولى بىلەن ماڭىدىغان ھەقىقىي ئىمان، ئىخلاس، غەيرەت، ئىرادە ئاتا قىلغايسەن. ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ دىلىنى ھەقنى (يەنى «قۇرئان كەرىم»نى) ئويلايدىغان، تىلىمىزنى ھەقنى سۆزلەيدىغان قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئەبەيدۇللا ھاجىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى


ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بۈگۈر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى مەكتىپى ئىماملار كۇرسىنىڭ مۇدەررىسى ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى بۇ يىل رامىزان ئېيىنىڭ 11-كۈنى، مىلادىيە 2004-يىل 11-ئاينىڭ 2-كۈنى كېچەل سەۋەبىدىن 72 يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

مەرھۇم ئەبەيدۇللا ھاجىم 1932-يىلى بۈگۈر ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىدە دادىسى مەمەتنىياز داموللامدىن دىنىي ساۋات ئالغان، ئاندىن دەسلەپكى دىنىي تەربىيىنى تارلاق يېزىسىدىكى ئابلا خاتىپ ئاخۇنۇمدىن ئالغان. 1942-يىلدىن باشلاپ كۇچا مەدرىسىدە، 1946-يىلدىن باشلاپ تۇرپاندىكى باغرى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. (1949-يىلى 17 ياشلىق ئەبەيدۇللا داموللام دادىسى مەمەتنىياز داموللام قاتارلىق 7 ئادەم بىلەن تۇنجى ھەج سەپىرىگە پىيادە ئاتلانغان. تولىمۇ جاپالىق بىر يىلدىن ئارتۇق ھەج سەپىرىدە، مەرھۇمنىڭ دادىسى قاتارلىق 4 ئادەم ئاچلىق، ھارغىنلىق سەۋەبىدىن قازا قىلىپ، مەرھۇم قاتارلىق 4 ئادەم قايتىپ كېلەلىگەن). ئەبەيدۇللا ھاجىم 1953-يىلدىن باشلاپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1958-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتىپ ئىماملىق قىلغان ۋە شۇ يىلى 8-ئايدا شىنجاڭ ياشلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ئىچكىرىدىكى 16 ئۆلكە، شەھەرنى زىيارەت قىلغان. قالايمىقانچىلىق يىللاردا بىگۇناھ ئازاب چەككەندىن كېيىن ئاقلىنىپ 1980-يىلى قايتىدىن ئىمام بولغان ۋە 1980-يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلغان. 1985-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 2-قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان ۋە قايتىشىدا قاتار، پاكىستان قاتارلىق ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان. 1980-يىلدىن باشلاپ 2004-يىلغىچە بۈگۈر چوڭ مەسچىتتە خاتىپلىق قىلىش ۋە تالىپ تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئېچىلغان دىنىي مەكتەپتە، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىكى كۆپ قارارلىق ئىماملار كۇرسىدا مۇدەررىسلىك قىلغان.

مەرھۇم 50 يىلغا يېقىن ئىمامەتچىلىك ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى 25 يىللىق ئىمام، خاتىپ، مۇدەررىسلىك ھاياتىدا، ئۆزىنىڭ ئۆلىمالارغا خاس ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە چوڭقۇر دىنىي بىلىمى، كەمتەر، ئاقكۆڭۈل، ھەمسال، رەھىمدىل، ئەلسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلىتى ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرغان، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىززەت-ئابرۇي ۋە ئوبراز تىكلىگەن. مۇسىبەت خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. **"بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز"**. ئاللاھ تائالا مەرھۇمنىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغاي-ئامىن!

# ھەج قانداق كىشىلەرگە پەرز؟

مۇھتەرەم ھاجى



ھەج ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، مىلادى 626-يىلى (ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى) 12-ئايدا پەرز قىلىنغان. مىلادى 632-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 100 مىڭ كىشىلىك ھەج قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ھەجى بولۇپ، بۇ ھەج ئىسلام تارىخىدا خوشلىشىش (ۋىدالىشىش) ھەجى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىمقى ھەج پائالىيىتىدە ھەجنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىنى ئۆزى بېجىرىپ ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئەتراپىدىكى بارلىق ھەج قىلغۇچى مۇسۇلمانلارغا ھەج قىلىشنىڭ ئۆلچەملىك قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى بىۋاستە بايان قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىپ: "**سىلەر مەندىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار**" دېگەن (ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىلار رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ قېتىملىق ھەجدە ئەرافات مەيدانىدا كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىنى بايان قىلىپ چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئەنە ئاشۇ سەلتەنەتلىك زور يىغىلىشتا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كالامى «قۇرئان كەرىم»نىڭ «مائىدە» سۈرىسىدىكى 3-ئايەت يەنى "**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**" دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇكەممەل بىر دىن ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ قېتىملىق ھەج پائالىيىتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەج پائالىيىتى كوللېكتىپ ھالدا بىرگە ئېلىپ بېرىلغاندا، ھەجنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى رەتلىك، تەشكىللىك بولغاندا، ھەممە كىشى تەڭ ھەرىكەت قىلىپ، پائالىيەتلەرنى بىرگە باشلىغاندا، ھەممە بىردەك ئېھرامغا كىرىپ بىرلا ۋاقىتتا: "ئەي ئاللاھ! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، بىز كەلدۇق، بارلىق ھەمدۇ سانا، مەدھىيىلەرنىڭ، نېمەتلەرنىڭ، پادىشاھلىقلارنىڭ ھەممىسى ساڭىلا خاس، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق" دېگەن جاراڭلىق "لەببەيكە" ساداسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ئىسلام دىنىنىڭ "ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق" دېگەندەك بىر قاتار تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن نامايان قىلغىلى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئورتاق بىللە ياشاشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقتەك ياخشى خىسلەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرغىلى، دۇنيا خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك قېرىنداشلارچە دوستلۇق روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ قېتىملىق ۋىدالىشىش ھەجدە بۇ روھنى تېخىمۇ ئېنىقكە چۈشەندۈرۈپ: "**ھەي خالايىق! سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىر، سىلەرنىڭ ئاتاڭلار بىر، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئادەم ئەۋلادلىرى، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەبلەر غەيرى ئەرەبتىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ (ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى) پەقەتلا تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ**" دېگەن (ئىمام ئەخمەد رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجدىكى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ: "**ھاجىلار، ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى بولۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدۇ، مەغپىرەت تىلەپ قىلسا كەچۈرۈم قىلىدۇ**" دېگەن (نەسائى رىۋايەت قىلغان).

مۇشۇ نۇقتىدىن ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆلىمالار، جۈملىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ئىشلىرى ۋازارىتى ھەج پائالىيىتىنىڭ تەشكىللىك، رەتلىك، ئۈمەكلەر بويىچە

ئېلىپ بېرىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

"ھەج" لۇغەت مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلۇغ جايغا بېرىشنى مەقسەت قىلىش، مەلۇم نەرسىگە ئىنتىلىش ياكى يۈزلىنىش، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر نىشانغا مەقسەتلىك بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تولۇپ تاشقان ئىرادە، نىيەتلەر بىلەن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن يوسۇندا كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا-مەرۋىدە سەئيە قىلىش، ئەرەفاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفىدە قونۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى تولۇق ئورۇنداشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەجنىڭ پەرزلىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالا «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ 97-ئايىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى**". بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىكى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ تەكىتلەپ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: "**ئەي خالايىق! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. شۇڭا سىلەر ھەج قىلىڭلار!**" دېگەن ھەمدە ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئۈستىدىكى ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، گۇناھلىرىدىن خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلاردەك پاكلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ئايالىلارغا يېقىنچىلىق قىلماي، پاسىق ۋە گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ھەج قىلىدىغانلا بولسا ئۇ كىشى گۇناھلىرىدىن بوۋاقلارنىڭ ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك پاكلىنىپ قايتىدۇ**".

ئىسلام شەرىئىتىدە شەرتى توشقان مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز دەپ بەلگىلەنگەن. بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ شارائىتى يار بېرىپ ساۋابلىق ئىزدەپ، يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىپ كېلىشىنى ئويلىسا بۇ ھەج ئۇ كىشىگە پەقەت نەفلى ھەج ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**ئەي خالايىقلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. شۇڭا سىلەر ھەج قىلىڭلار**" دېۋىدى. ئارىدىن بىر كىشى تۇرۇپ:

"ئەي رەسۇلۇللاھ، ھەر يىلى ھەج قىلىمىزمۇ؟" دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇۋالدى. ھەتتا ئۇ كىشى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: "**ئەگەر مەن (شۇنداق) دېگەن بولسام (ھەر يىلى) ھەج قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا سىلەر ئورۇنلىيالمىغان بولاتتىڭلار، (پەرز) ھەج قىلىش بىر قېتىم بولىدۇ، كىمكى بىر قېتىمدىن ئارتۇق ھەج قىلسا، ئۇ نەفلى ھەج بولىدۇ**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇڭا ھەجنى چوقۇم يەنە بىر قېتىم ئادا قىلىش شەرت ئەمەس.

## ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى

ھەج ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئەركانىنىڭ بەشىنچىسى، ئەمما ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگىلا پەرز ئەمەس، بۇ پەقەت شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن شەرتلىرى توشۇپ ھەج قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولغان كىشىلەرگىلا پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن. ئىسلام دىنىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تۆۋەندىكى ئالتە شەرت ھازىرلانغان كىشىگە ھەج قىلىش پەرز قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى، بىرىنچىدىن، مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ھەج قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ گەدىنىگە پەرز بولۇپ چۈشكەنلىكىنى بىلىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ئەركىن، ھۆرلۈككە ئىگە بولغان كىشى بولۇش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولۇشى كېرەك.

بۇ ئالتە شەرتنىڭ ئالتىنچىسى بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولۇشى كېرەك دېگەنلىك، شۇ ھەجنى قىلماقچى بولغان كىشى ھەجگە بېرىپ كەلگىچە ئائىلىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان تۇرالغۇ ئۆي چىقىمى، ئائىلە ئەسلىھەلىرى چىقىمى، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا-سېتىق چىقىمى، ئائىلە كەسپى چىقىمى ھەمدە ھەجگە بېرىپ كەلگىچە ئائىلە تۇرمۇشىغا كېتىدىغان چىقىملاردىن ئېشىنىپ، ھەجگە بېرىپ كەلگۈدەك، ھەمدە يول ئۈستىدە، مەككىدە تۇرۇش جەريانىدا كېتىدىغان بارلىق چىقىملارنىڭ ھۆددىسىدىن نورمال چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقى ئىمكانىيەتلەر بىر كىشىگە قاچان ھازىرلانسا، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ كىشىگە ھەج پەرز بولغان ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە شۇ كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ

هەجگە تەييارلىق قىلىشى مۇستەھەپ، ئۆمرىنىڭ قولايلىق ياخشى بىر پۇرسىتىنى تېپىپ هەج پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما يۇقىرىقى شەرتلەر تېپىلمىغان، شارائىتى هازىرلانمىغان، ئىمكانىيىتى يوق كىشىلەرگە هەج قىلىش پەرز ئەمەس، شۇڭا هەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن هەج قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىدە بەلگىلەنگەن ئاشۇ شەرتلەر تېپىلىشى، يەنى هەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتى شۇ كىشىنىڭ هەجگە تەمشىلىشىدىن بۇرۇنلا هازىرلىنىپ بولغان بولۇشى كېرەك. باشقىلارنىڭ ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىشى بىلەن هازىرلانغان شارائىت هەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتىنى هازىرلىيالمايدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ باللىرى ئىختىيار قىلىپ پۇل ياردەم قىلسا، هەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتىنى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلىش شەرت ئەمەس، ئۇ پۇلنى قوبۇل قىلماي هەج قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇلنى قوبۇل قىلسا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىگە هەج پەرز بولىدۇ.

شۇڭا يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىقتىسادىي شەرت تېپىلمىسا، بۇ شەرتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مال-بىساتىنى سېتىپ پۇل يىغىش، پۇل ئۆتنە ئېلىش، باللىرىدىن بېسىم بىلەن پۇل ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس، ئۇ كىشى ئەگەردە يۇقىرىقىدەك ۋاستىلەر ئارقىلىق پۇل يىغىپ شەرت هازىرلىماقچى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يۈكلىمىگەن بىر مەجبۇرىيەتنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدا يوق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ 286-ئايىتىدە هەر قانداق بىر بەندىنى ئۇنىڭ ئىمكانىيىتىدە يوق بىر ئىشقا بۇيرۇمايدىغانلىقىنى ئۇچۇق كۆرسەتكەن: "**ئاللاھ هېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ**". شۇڭا هەج قىلماقچى بولغان كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، هەر تەرەپكە تەڭ ئەهمىيەت بېرىشى، هەجگە ماڭغان ۋاقىتىدا قانداق خۇشاللىقلار ئىچىدە، ئارزۇ-ئىستەكلەردە ماڭغان بولسا، قايتىپ كەلگەندىمۇ ئەنە ئاشۇنداق كەيپىياتتا ياشايدىغان هالەتنى ساقلاپ قېلىشى، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان ئىقتىسادىي چىقىملىرىغا هەرگىز ئۆكۈنمەيدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان هالەتنى ساقلىشى كېرەك، بولمىسا قىلغان هەج هەج بولماي، شۇ كىشىنى گۇناهكار قىلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىقى ئالتە شەرت بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىدە ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشىدا هازىرلانسا تېنى ساغلام بولۇش، يول ئەمىن بولۇش، ئايال كىشىنىڭ مەھرىمى بولۇش شەرتى ئاساسىدا ئۇ كىشى هەجنى بىۋاسىتە ئۆزى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ بىرگە هەمراھ بولۇپ، سەپەر قىلىدىغان يولدىشى ياكى مەھرىمى بولمىسا، هەم مەھرەم ئىزدەپ تاپالمىسا، ئۇ ئايال هەجنى ئادا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار باشقا بىر كىشىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى ئۈچۈن بەدەل هەج قىلىشنى هاۋالە قىلسا بولىدۇ. ئايال كىشى هەج ئادا قىلىش شەرتىنى هازىرلاش ئۈچۈنلا باشقىلارغا نىكاھلىنىشى شەرت ئەمەس. ئەگەر هەج قىلىش ئۈچۈنلا باشقا بىر ئەرگە ۋاقىتلىق نىكاھلانسا، ئىسلام شەرىئىتىدە دۇرۇس بولمىغان بىر يامان ئىشنى سادىر قىلىش بىلەن بىرگە، ئېغىر گۇناهكار بولغان هېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا مەھرەم دەپ ئۇ ئايال كىشى بىلەن نىكاھلىنىش چەكلەنگەن، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-هوشى جايىدا بولغان تەقۋادار بىر ئەر كىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا يولدىشى يوق ئايال كىشى هەج قىلماقچى بولسا يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا مەھرەم تاللىشى، تاللىغان مەھرەم شەرىئەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ئەگەر ئايال كىشى ئىشەنچلىك، تەقۋادار ئاياللار توپىنىڭ هەمراھلىقىدا مەھرەمسىز ياكى يولدىشى بولماي تۇرۇپ يولغا چىقىپ پائالىيەت ئېلىپ بارسا خاتىرجەم بولالىغۇدەك شارائىتتا بولسا، ئۇ ئايال كىشىنىڭ هەج ئۈچۈن قىلغان سەپىرى دۇرۇس دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار شەرتلەر ئاساسىدا گەدىنىگە هەج پەرز بولغان كىشىلەر هەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئادا قىلماقچى بولغان هەجنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل هەج بولۇشى ئۈچۈن يەنە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئورۇندىشى كېرەك:

1) ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلغان گۇناهلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ «نۇن»سۈرىسىنىڭ 31-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن هەممىڭلار ئاللاهقا تەۋبە قىلىڭلار**". شۇڭا هەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئاللاهقا تەۋبە قىلىش، گۇناهلىرىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئىنتايىن مۇهىم. تەۋبە قىلىشتا بارلىق يامان ئىش، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ قويغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشى، ئىككىنچى ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى كېرەك.

2) هەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئاتا-ئانىسىنىڭ

رازىلىقىنى، دۇئاسىنى ئېلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزى زۆرۈر بولغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى خاتىرجەم يولغا چىقىشقا ئاساس سېلىشى، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، رەنجىتىپ قويغان، باشقىلارغا ئازار بېرىپ قويغان، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەققى بېرىلمەي ئۆزىگە ئۆتۈپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئۇلاردىن رازىلىق سورىشى، كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ قەرزلىرىنى ئۆز قوللىرىغا قايتۇرۇشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**(مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن) كىمكى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا مال-دۇنيا جەھەتتىن ياكى ھەقىقىي ھۆرمەت جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى بولسا، ئۇنىڭ بىرمۇ دىنارى ياكى بىرمۇ دىرھەمى قالمايدىغان (قىيامەت) كۈنى كېلىشتىن ئاۋۋالقى بۈگۈنكى كۈندە (ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىپ، يوللۇق ۋاسىتىلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ) رازى قىلىۋەتسۇن! (ئەگەر ئۇنداق قىلماي قىيامەت كۈنىگە قالسا) ئۇ كىشىنىڭ (ياخشى ساۋابلىق بىر) ئىشى بولسا، ئۆزىنىڭ (قېرىندىشىغا نىسبەتەن) كەتكۈزۈپ قويغان ھەققىنىڭ مىقدارى بويىچە ئۇنىڭدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ساۋابلىق ئىشلىرى بولمىسا، قارشى تەرەپنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ**". شۇڭا ھەجگە چىقماقچى بولغان كىشى سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئۆزى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىنغان كىشىلەردىن رازىلىق ئېلىشى، باشقىلارنىڭ ھەققى، ھۆرمىتىدە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىدىن كەچۈرۈم سورىشى، ئىقتىسادىي قەرزلىرى بولسا تۆلىۋېتىشى، ھەج سەپىرىگە پاك-پاكىز بولۇپ يولغا چىقىشى لازىم.

3) ھەج قىلىش ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان خالىس ئىبادەت بولۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئابرۇي قوغلىشىش، مەنسەپ ئىزدەش، باشقىلارنىڭ ئىچىدە ئورۇن تىكلەش مەقسەت قىلىنسا، شۇ كىشىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ «ھۇد» سۈرىسىنىڭ 15-، 16-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنىلا (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ**". ئاللاھ تائالا «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسىنىڭ 18-، 19-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ**". يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ھەرقانداق مۆمىن كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى، ياخشى ئىشلىرى ئاللاھ ئۈچۈن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىنىشى، ھەرگىز دۇنيا مەنپەئەتى، ئابرۇي قوغلىشىش، مەنسەپ تالىشىش، رىقابەتلىشىش دېگەندەك ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قويىدىغان ئىستەكلەردە، ئىنتىلىشلەردە بولماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

4) ھەج ئۈچۈن تەييارلىغان مەبلەغ ھالال بولۇشى ھەم ھالال يوللار بىلەن قولغا كەلگەن بولۇشى كېرەك. ئوغرىلىق قىلىپ تاپقان، قىمار ئويناپ تاپقان ۋە ھارام كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان پۇللار بىلەن قىلىنغان ھەج قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**ھاجى ھالال تاپقان پۇلى بىلەن ھەجگە چىقىپ، پۇتىنى ئۇلاغ ئېگىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ: 'مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشتۇم! ئەي ئاللاھ! مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ يولغا چىقتىم' دەپ توۋلاپ تەلبىيە ئوقۇغان ۋاقتىدا، ئاسمان تەرەپتىن بىرسى توۋلاپ: 'ئاللاھ سېنىڭ ھەجگىنى ئۈستى-ئۈستىلەپ قوبۇل قىلسۇن! سېنىڭ ئوزۇقلۇق نەرسىلىرىڭ ھالال، قاتناش راسخوتۇڭ ھالال، سېنىڭ ھەجىڭ گۇناھتىن خالىي مەقبۇل ھەج بولغۇسى' دەيدۇ؛ ئەگەردە ھارام ئىقتىسادىي پۇلى بىلەن ھەجگە چىقىپ، پۇتىنى ئۇلاغ ئېگىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ: 'مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشتۇم' دەپ توۋلاپ تەلبىيە ئوقۇغان ۋاقتىدا، ئاسمان تەرەپتىن بىرسى توۋلاپ: 'ئاللاھ تائالا سېنىڭ ھەجگىنى قوبۇل قىلمىسۇن! سېنىڭ ئوزۇقلۇقۇڭ ھارام، چىقىم قىلغان پۇلۇڭ ھارام، سېنىڭ ھەجىڭ ئەجىر بېرىلمەيدىغان گۇناھقا مۇپتىلا قىلىدىغان ھەج بولغۇسى' دەيدۇ**" (تىبرانى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ: "**ئاللاھ**

**تائالا ھەقىقەتەن پاك، شۇڭا ئۇ پەقەت (پاك بولغان ئەمەللەر)نىلا قوبۇل قىلىدۇ**” دېگەن. دېمەك، ئىسلام دىنىمىز ھەر قانداق بىر ئىشتا پاك بولۇشنى تەشەببۇس قىلغىنىدەك، ئاللاھ تائالاغا ئاتاپ قىلغان ئىبادەت ئىشلىرىدىمۇ پاكلىقنى، پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەنە ئاشۇنداق ھالەتتە ھەج قىلغاندا قىلغان ھەج ”ھەج مەبرۇر“ بولىدۇ. ئۆلىمالار ”ھەج مەبرۇر“غا: ”بۇ ھەج ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان ھەج“ دەپ تەبىر بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز بۇ دەرىجىگە يەتكەن ”ھەج مەبرۇر“نىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: ”**ھەج مەبرۇرنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتىنلا ئىبارەت**“ دېگەن (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## ھەج قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزىگە ھەج قىلىش شەرتى توشۇپ، شارائىتى ھازىرلانغاندىن كېيىن سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئۆزىدىكى ئىقتىسادىي تەييارلىقنى ياخشى قىلىشى، ھەجگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلىشى، ئۆزىدە خالىس ئىبادەت قىلىش تۇيغۇسىنى تىكلىشى، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى ساقلاشنى شان-شەرەپ دەپ بىلىشى، ھەج سەپىرىگە ياخشى كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ، ئالدامچى كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشى، ئاللاھنى دائىم ياد ئېتىپ كۆپلەپ زىكرى-تەسبىھ ئوقۇشى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى، نامازلارنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ، نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشى، ھەج سەپىرىدە ناشايان ئىشلارغا، ھارام ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان ھەج قىلالايدۇ. ھەر بىر كىشى ھەج قىلماقچى بولغاندا بىر تەرەپتىن ئۆز گەدىنىگە چۈشكەن ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتتىن خالاس بولۇشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشنىلا نىشانلايدۇ. شۇڭا ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىدىغان، گۇناھلىرىنى خۇددى ئانىسىدىن ھازىر تۇغۇلغان بوۋاقلاردەك پاك قىلىۋېتىدىغان، تەلەپكە لايىق ھەجنى قىلىشى كېرەك. بۇنداق ھەج قىلىش ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان شەرتلەرنى ھازىرلاش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى بىر قاتار ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئىقتىسادىي تەييارلىقنى تولۇق قىلىپ يولغا چىقىش كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەج ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرگە پەرز قىلىنغان. شۇڭا ھەج سەپىرىنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئائىلىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ سەپەرگە كېتىدىغان، ھەج پائالىيىتى جەريانىدا سەرپ قىلىدىغان ئىقتىسادىي چىقىمىنى تولۇق ئېلىۋېلىشى كېرەك. يول ئۈستىدە، ھەج قىلىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىغان، ئۇلارغا قول ئۇزارتىپ ياردەم تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى ئۆزىنى پاك تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى پاك تۇتىدۇ، كىمكى ئۆزىنى باي تۇتىدىكەن ئاللاھ ئۇنى باي قىلىدۇ**“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). 2003-يىلى ئۆزلۈكىدىن بارغان ھاجىلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم بايلار تارقاتقان سەدىقە، زاكات پۇللىرىنى تالىشىپ جېدەللىشىپ كەتكەنلىكى خەۋىرىنى شۇ يىلى ھەجگە بارغان كىشىلەر بىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، زاكات ئېلىش، سەدىقە ئېلىش دۇرۇس بولغان كىشى نامرات كىشى بولۇپ، ئۇنداق كىشىگە ھەج پەرز ئەمەس. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بىر كىشى باشقىلاردىن دائىم(تاما قىلىپ) تىلەۋەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى، يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆشى قالمىغان ھالەتتە(ئورنىدىن تۇرۇپ) كېلىدۇ**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). دېمەك باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قىلىش، ئۇلاردىن تاما قىلىش، ئۇلاردىن تىلەش ئىشلىرى ئىسلام شەرىئىتى ياخشى كۆرمەيدىغان، بىر مۇسۇلمانغا ئۇيات ھېسابلىنىدىغان ئەيىب ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۇيات قىلماي، يۈزسىزلىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆش قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا يەمەنلىك ھاجىلار ھېچقانداق ئىقتىسادىي تەييارلىق قىلمايلا، ”بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىمىز“ دەپ ھەجگە بېرىپ مەككىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتتا ئاللاھ ئۇلارغا قارىتا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: ”**سىلەر (ئاخىرەتلىككىلەر ئۈچۈن) زاد-راھىلە(يەنى راسخوت) ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد-راھىلە تەقۋادارلىقتۇر**“{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 197-ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن ھەج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىقتىساد ساۋاب بېرىلىدىغان ئىبادەت ھېسابلىنىپ،

ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئاللاھ يولىدىكى ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە يامان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، پەقەت ئاللاھقىلا باغلانغان تەقۋادارلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىمىز. شۇڭا ھەجگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئىقتىسادىي تەييارلىقىمىزنى پۇختا قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى تەقۋادارلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەقۋادارلىققا باشلاپ بارىدىغان بارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىگە يۈزلىنىپ، ھەجگە چىققاندا پەقەتلا: ''لبيك اللهم لبيك'' يەنى: ''ئەي ئاللاھ بىز (سېنىڭ چاقىرىقىڭغىلا ئاۋاز قوشۇپ) ھازىر بولدۇق'' دەيدىغان ئېتىقاد ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

2) ھەج پائالىيىتىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ھەج پائالىيىتىنى تەلتۆكۈس ھالدا بارلىق ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىپ، تەلەپكە لايىق ئادا قىلالايدىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەج قىلىش ۋاقتى بەلگىلەنگەن، ئورنى بەلگىلەنگەن، پائالىيەت تەرتىپلىرى بەلگىلەنگەن، شەرتلىرى ئۇچۇق قويۇلغان، ۋاقىت دائىرىسى كەڭ، پائالىيەت تۈرلىرى كۆپ، ئەھكاملىرى مۇرەككەپ، ئەمما ساۋابى يۇقىرى بىر خىل ئىبادەت. ھەج قىلىش جەريانىدا ھەج ئەھكاملىرى ئىچىدىن بىر پەرز ئەمەل چۈشۈرۈپ قويۇلسا ھەج بۇزۇلىدۇ، بىر ۋاجىپ ئەمەل چۈشۈرۈپ قويۇلسا قۇربانلىق قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال تەييارلىقنى پۇختا قىلىش بىلەن بىرگە، ھەجگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، ئەھكاملارنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىسىمۇ، پائالىيەت تەرتىپلىرىنى ئىگىلەپ، ساۋات خاراكتېرلىك ھەج بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ھەر بىر ھاجى شۇ ئاساستا ھەج ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ھەجگە بارسا، ئۆمەكنىڭ دىنىي يېتەكچىلىرىنىڭ تەربىيىسى ئاساسىدا بارلىق پائالىيەتلەرنى تولۇق ئېلىپ بارالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭ ھەج ئۆمىكى ئۆمەك ئىچىگە بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالارنى كىرگۈزۈپ، دىنىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، گۇرۇپپا ئەزالىرى ھەر بىر پائالىيەت مەيدانلىرىدا كەڭ ھاجىلارغا پائالىيەت تەرتىپلىرىنى، ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرىدىغان، تارماق ئۆمەكلەرگە ئايرىم-ئايرىم ئادەم ئاجرىتىپ پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، كۆرۈلگەن ئايرىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەممىسى بىرلىكتە ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ياخشى ھالەتنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇڭا يېقىنقى يىللاردا ھەج ئۆمىكى بىلەن بارغان ھاجىلار ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر كۈتكەن ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق مۇكەممەل ھالەتتە ئەمەلگە ئېشىپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىۋالغانلىقىغا بەكمۇ خۇرسەن بولماقتا. ئەمما ھەج بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز بىر قىسىم ھاجىلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھەجنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىنى ئورۇندىيالماي ياكى خاتا قىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشقىلارغا ئاشكارلىيالماي، بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئىچىدە ياشايدىغان، مۇمكىن بولسا باشقىدىن ھەج قىلىش پۇرسىتى كېلىشىنى تىلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلىدىغان ھەجنى تولۇق، تەلەپكە لايىق ئورۇندىۋېلىش ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

3) ئىسلام دىنىمىزدا: ''(ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ) ئىززەت-ئابرۇيى، شان-شەرىپىنى قوغداش ۋاجىپ'' دەپ ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى، ئار-نومۇسىنى ساقلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا ھەج سەپىرىگە چىقىشتا، مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى ساقلىشى، ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا بۇ جەھەتتىكى شان-شەرەپكە، نام-شۆھرەتكە داغ تەككۈزىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. لېكىن بىر قىسىم ئۆزلۈكىدىن بارغان ھاجىلار''يۇرتتىن ئايرىلدۇق، بىزنى تونۇيدىغان ئادەم يوق' دېگەن قاراشلاردا بولۇپ، مەككە مۇكەررەمەدە كىشىلەر يامان كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان، بولمىغۇر ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەنىگە، شىنجاڭدىن بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا داغ تەككۈزىدىغان بىر قاتار ئىشلارنى سادىر قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئۆزلۈكىدىن مەھرەمسىز ھەجگە بارغان ئاياللار ئۇلۇغ مۇقەددەس جاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي، ھەر خىل ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان، ئىسلام شەرىئىتىدە ھۆكۈمى ھارام دەپ ئۇچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، باشقىلارغا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىدىغان، باشقا ئەرلەرنى يالغاندىن مەھرەم قىلىپ پۇلغا سېتىۋالىدىغان، ئەردىن-ئەرگە چىقىپ يۈرىدىغان، شۇ جايلاردىكى بىر قىسىم بايلارنىڭ پۇلىنى كۆزلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر يىلى ھەج مەزگىلىدە بىر قانچە تۇل خوتۇنلارنىڭ ماجىراسى ۋە دەۋاسى چىقىپ

تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇھاجىرلار ئىنكاس قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بەك خىجىلچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنى ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر"** {سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 32-ئايەت}. **"(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن بىر ياخشىدۇر"** {سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 30-ئايەت}. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر شەھەر مەككە مۇكەررەمەدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي: **"ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن (ئەي مەككە) ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنى، ھەمدە مەن ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان زېمىن. ئەگەر سېنىڭ خەلقىڭ سېنى ھەيدىمىگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ (سېنى تاشلاپ) چىقىپ كەتمىگەن بولاتتىم"** (بۇخارى، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان) دەپ ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۇلۇغ جاي ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بۇ مۇقەددەس جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنىڭ، بۇ جايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇڭا ھاجىلار ھەرەمدە تۇرغان مەزگىللىرىدە بۇ مۇقەددەس جاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى، ھەم ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق مۇقەددەس جايغا كېلىپ ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۆزىگە شان-شەرەپ دەپ بىلىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئىززەت-ئابرۇيىنى، شان-شەرىپىنى ساقلىشى ھەم قوغدىشى كېرەك.

4) بىر مۇسۇلمان كىشى ئۇلۇغ ھەج سەپىرىگە چىقىشتا ئۆزىگە ياخشى، سەممىي راستچىل ھەمراھنى تاللىشى، سەپەر ئۈستىدە ئۆزىگە يار-يۆلەكتە بولىدىغان ئادەملەر بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشى كېرەك. كونىلاردا "ئادەم سەپەردە تونۇلىدۇ" دەيدىغان گەپ بار. بۇ ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەتلىك سۆز. پەقەت ھەقىقىي دوستلار، قېرىنداشلار ئۆزئارا مۇئامىلىسىدە ھەقىقەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇڭا ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئاۋۋال سىز كىم بىلەن ھەجگە بارماقچى؟ ئۇ قانداق ئادەم؟ سىز چۈشىنەمسىز؟ ئۇ ھەقىقەتەن سىزگە ھەج سەپىرىدە يار-يۆلەكتە بولامدۇ؟ سىزگە خىزمەت قىلماقچىمۇ؟ ياكى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن سىزدىن پۇل ئۇندۇرمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭ زادى غەرىزى نېمە؟ بۇ مەسىلە سىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا سىز ھەجگە بېرىشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ ھەمراسىنى ياخشى تاللىشىڭىز كېرەك!

2003-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ھەج پائالىيەت ئاياغلىشىپ ھاجىلارنىڭ ئاساسلىقى ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ بولغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدىن ئۆزلۈكىدىن بارغان ھاجىلاردىن 300دەك كىشى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتىپ كېلەلمەي تىت-تىت بولۇشۇپ، ئەڭ ئاخىرى جۇڭگونىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورايدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى بىر مۇنچە پۇل بەدىلىگە باشلاپ بارغان كىشىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، تېلېفون نومۇرلىرى، ئادرېسلىرىغىچە يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، كونسۇلخانا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرى بۇ 300دەك ھاجىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئايروپىلان ئاجرىتىپ پاكىستانغا ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ھاجىلارنى بىر قىسىم سودىگەرلەر بىرسى بىرسىگە پايدا ئېلىش ئاساسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقماي تاشلىۋەتكەن؛ يەنە بەزى سودىگەرلەر بىر قىسىم ھاجىلارغا "بىز سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن بارىمىز" دەپ ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئەمما كەينىدىن بارماي تاشلىۋەتكەن؛ بىر قىسىم ھاجىلارغا ۋاقتى قىسقا ئەرزان بېلەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ھەج تۈگىگىچە بېلەتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن؛ بىر قىسىملارنى بىر قانچە دۆلەتنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ پۇلىنى تۈگىتىۋەتكەن بولغاچقا ئۇلار ماڭالماي تۇرۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بىرگە ھاجىلارنىڭ كەيپىياتىدا زور داۋالغۇشلار يۈز بەرگەن. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى ئامېرىكا-ئىراق ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدىكى دەبدەبىلىك خەۋەرلەر ئۇلارنى قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇغا سېلىپ قويغان، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ نۇرغۇنلىغان ئەندىشە-تەشۋىشلەرگە سېلىۋەتكەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتىكى ھاجىلارنىڭ ئۆزلىرىنى باشلاپ بارغان سودىگەرلەرنى تىللاشلىرى، ئەرز

قىلىشلىرى، ئۇلار ئۇستىدە غەيۋەت قىلىشلىرى، بۇ يەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرى، كەلسىلا ئۇرۇشىدىغاندەك قورقۇنچلۇق قىياپەتلىرى، قېنى-قېنىغا پاتماي پارتلاپ كەتكىدەك تۇرغان ھېسسىياتلىرى ئۇلارنىڭ ھەجلىرىنىڭ مەقبۇل ھەج بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر، بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى، جاڭجال(جېدەل-ماجىرا)قىلىشى مەنئى قىلىندۇ"**{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە) 197-ئايەت}. دېمەك ھەج قىلىش جەريانىدا قانداق كىشىلەر بىلەن ھەج قىلىش، قايسى يوسۇندا ھەج قىلىش مەسىلىسىنى ئويلىنىش، قانداق قىلغاندا ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان، ئۇنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان، گۇناھلاردىن پاك-پاكىزە خالاس بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان"ھەج مەبرۇر"نى قىلغىلى بولىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىنىش ھەج قىلماقچى بولغان كىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

## بەدەل ھەج توغرىسىدا

بەدەل ھەج باشقىلار ئۈچۈن ۋاكالەتەن بېجىرىلىدىغان ھەج بولۇپ، بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن شەرتلەر ھازىرلانغاندا ئورۇنلانسا دۇرۇس دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنى پرىنسىپلىرى بويىچە ئېيتقاندا ئىبادەتلەر ۋاكالەتەن بېجىرىلىشىنىڭ دۇرۇس بولۇش ياكى بولماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) مەزكۇر ئادەمنىڭ تېنى ۋە ئەزالىرى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئىبادەت ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭ ۋاكالەتەن ئادا قىلىشىغا بولمايدۇ، بۇنى ئىبادەت پەرز بولغان كىشىنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئورۇندىشى كېرەك. ئەگەر كېسەل ۋە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ھەر قانداق قىلىپمۇ، قايسى دەرىجىدە بولسىمۇ ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا ئىمكانىيەت قالمىسا، ئۇ كىشى بۇ ئىبادەتلەرنى كېچىكتۈرۈپ شارائىتى ھازىرلانغاندا تولۇقلاپ ئورۇندىسا بولىدۇ. بۇ ئىبادەتلەر ناماز قاتارلىق پەرز ئەين ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبادەتلەردە ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىن سىناش، چېنىقتۇرۇش، ئىشقا سېلىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەجبۇرىيەت يۈكلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزى بىۋاستە بېجىرىشى كېرەك. باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاكالەتەن بېجىرىشىگە ھەرگىز بولمايدۇ.

2) ساپ ئىقتىسادىي مال بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئىبادەت ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭ ۋاكالەتەن بېجىرىشىگە بولىدۇ. ئىبادەت پەرز بولغان كىشى ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى ئاشۇ ئىبادەتنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن ۋاكالەتەن بېجىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ۋەكىل قىلىنغان كىشى قاچان شۇ مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئورۇنداپ بولسا، ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ گەدىنىدىكى مەجبۇرىيەت ساقىت بولىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەرەققىي قىلىپ مېلى نېسابىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ زاكات بېرىش ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. زاكات مالىنى ۋەكىل قاچان مىسكىن، بىچارىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرسە مال ئىگىسىنىڭ گەدىنىدىن زاكات بېرىش مەجبۇرىيىتى ساقىت بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىبادەتتە زاكات مالنى كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ۋەكىل يەتكۈزۈپ بەرسىمۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

3) ئادەمنىڭ ھەم تېنى ۋە ئەزالىرى بىلەن ھەم ئىقتىسادىي مېلى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەردە ئىقتىسادىي جەھەتتىن شەرت-شارائىتلار توشۇپ، كېسەل، ئاجىزلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ شۇ ئىبادەتنى ئورۇنداش سالاھىيىتى توشقان كىشىلەرگە شۇ ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلىغان ئىقتىسادىي مېلىنى بېرىپ ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى ئاشۇ ئىبادەتنى ئۆزىگە ۋاكالەتەن بېجىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بۇ ھەج قىلىشقا ئوخشاش جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئورۇنلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قارىشىدا بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى- ھوشى جايىدا، تۇرمۇشى ياشاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ ھەج قىلىشقا شەرت-شارائىتلىرى توشسا ھەمدە شۇ كىشى ئۆزىنىڭ گەدىنىگە ھەجنىڭ پەرز بولۇپ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلسا، ئەمما بۇ پەرزنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەمەلىق، پالەچلىك، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش ياكى ياشقا چوڭىيىپ قالغانلىقتىن يول يۈرۈش، سەپەر قىلىش ئىقتىدارىدىن قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەجنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلسا ھەم كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساقىيىپ كۈچ-قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۈمىد قالمىغان بولسا، بۇ كىشىلەر باشقىلارغا ھەج ئۈچۈن تەييارلىغان ئىقتىسادىنى بېرىپ ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ گەدىنىدە ھەج پەرز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، سالامەتلىكى يار بەرمەسلىكتىن ھەج پەرزىنى ئۆزى بىۋاستە ئادا قىلالمىسا

ھەم باشقىلارغا ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلمىسا ھەم ۋارىسلىرىغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلمايلا ۋاپات بولۇپ كەتسە، بۇنداق ئەھۋالدا ۋارىسلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشى ياكى باشقىلارغا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلىشى ۋاجىپ ئەمەس. ئەگەر ۋارىسلىرى ئۆزلىرى ئىختىيار قىلىپ پۇل ئاجرىتىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويسا ياكى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويسا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ۋاپات بولغان كىشىنىڭ گەدىنىدىكى پەرز ساقىت بولىدۇ.

ئەمما ھەجنىڭ پەرز بولۇشىغا شەرتلىرى توشمىغان كىشىگە بەدەل ھەج قىلدۇرسا ئۇ كىشىگە نىسبەتەن پەرز ھەج ھېسابلانماي، بەلكى نەفلى ھەج ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا نەفلى ھەجنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. شۇڭا ھاجىلار باشقىلارغا بەدەل ھەج قىلدۇرۇشنى ھاۋالە قىلماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋە بىز بەدەل ھەج قىلدۇرماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، شەرت-شارائىتلىرى توشۇپ ئۇلارنىڭ گەدىنىگە ھەج پەرز بولغانمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋارىسلىرىغا پۇل ئاجرىتىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويۇشنى ياكى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشنى تاپىلاپ ۋەسىيەت قىلغانمۇ؟ ياكى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلىنىپ ئىقتىسادىي ئېشىنچىمىز بولسا ئۇلارنىڭ گەدىنىگە چۈشكەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىغان پەرزنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولۇشى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىپ قويىمىزمۇ ياكى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويىمىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تۇرمۇش ھالىتى ھەجنىڭ پەرز بولۇپ گەدىنىگە چۈشكىدەك دەرىجىدە بولمىسا، بىز ئۇلار ئۈچۈن نەفلى ھەج قىلدۇرۇپ قويىمىزمۇ؟ بىز بەدەل ھەج قىلدۇرماقچى بولغان كىشىلەر ئەگەر ھايات بولسا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا، تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ھەجنىڭ پەرز بولۇپ گەدىنىگە چۈشۈشىگە شەرتى توشامدۇ؟ ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى، كۈچ-قۇۋۋىتى، يول ئامانلىقى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھالدا ھەج قىلىشىغا يار بېرەمدۇ؟ ياكى ھەجنىڭ پەرزلىكىگە شەرتى توشمىسىمۇ ئۇلارنىڭ پۇل يىغىش قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇشى توغرىمۇ ياكى بىز ئۇلارغا پۇل ئاجرىتىپ ئۇلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويىمىزمۇ؟ قىلغان بەدەل ھەج پەرز ھەجنىڭ ئورنىنى دەسسەمدۇ ياكى نەفلى ھەج بولامدۇ؟ بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىمىز پەرز ھەجنى، پەرز ئىبادەتلەرنى قىلىۋېلىشقا يار بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا نەفلى ئىبادەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق يوللار بىلەن پۇل سەرپ قىلساق دۇرۇس بولامدۇ؟... دېمەك، بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن بەدەل ھەجنى قىلدۇرماقچى بولغاندا ياكى باشقىلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بىز ھاۋالە قىلماقچى بولغان بەدەل ھەج پەرز ھەجنىڭ ئورنىنى ئالامدۇ ياكى نەفلى ھەج بولامدۇ؟ دېگەننى بېكىتىۋېلىپ ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا بەدەل ھەج قىلدىغان كىشىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم.

ئۆلىمالار يۇقىرىقىدەك شەرتلەر ئاساسىدا بەدەل ھەج قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مېنىڭ ئاپام ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغانىدى، ئۇ ھەجنى قىلالمايلا ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلسام بولامدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: ”شۇنداق، بولىدۇ، **سىز ئۇنىڭغا بەدەل ھەج قىلىڭ! ئەگەر ئاپىڭىزنىڭ گەدىنىدە قەرز بولغان بولسا ئىدى، سىز ئۇنى ئادا قىلغان بولاتتىڭىزمۇ؟ شۇڭا سىزلەر ئاللاھنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىڭلار! چۈنكى ئاللاھ ۋاپا قىلىشقا ئەڭ لايىق**“ دېگەن.

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: خۇسئەمىيە قەبىلىسىدىن بىر ئايال كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئاتام ئۇلاغقا مىنەلمەيدىغان ھالەتتە ياشىنىپ قالغاندا ئاللاھنىڭ ھەج پەرزى ئۇنىڭ گەدىنىگە چۈشۈپ قالدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟“ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ”بولىدۇ“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەدەل ھەجنىڭ خاراكتېرى مەيلى پەرز ھەج بولسۇن ياكى نەفلى ھەج بولسۇن ھەممىسىدىلا ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلغۇچىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

1) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى بالاغەتكە يەتكەن، ئەركىنلىككە ئىگە، ئەقلى- ھوشى جايىدا، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشى بولۇشى كېرەك.

2) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى تەقۋادار، بەش ۋاق ناماز،

دىيانىتى بار ئىشەنچلىك كىشى بولۇشى كېرەك.

3) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى ھەج ساۋات بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار، پائالىيەتلەرنى تەلتۆكۈس ئورۇندىيالايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك.

4) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغان كىشى بولۇشى كېرەك.

5) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى ھاۋالە قىلغۇچى ھەجنىڭ قانداق تۈرىنى ئورۇنداشنى، قانداق جايدىن ئېھرام باغلاشنى تەلەپ قىلسا شۇ بويىچە ئورۇندىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

6) ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى بىر ھەج مەۋسۇمىدە بىرلا ئادەمگە بەدەل ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان بولۇشى كېرەك.

باشقىلارغا ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلدىغان كىشى ئېھرامغا كىرىشتە بەدەل ھەج قىلىنغۇچىغا ئاتاپ نىيەت قىلىشى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىشى كېرەك ھەمدە شۇ كىشىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەج تۈرىنى، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەجنى بۇزۇپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ھەجنى بۇزۇپ قويسا بارلىق چىقىمنى ۋاكالىتەن ھەج قىلغۇچى تۆلىشى كېرەك. ئەگەر يول توسۇلۇپ قېلىش، يولدا ئۆلۈپ قېلىش، كېسەل بولۇپ قېلىش دېگەندەك تاسادىپىي ۋەقەلەر بىلەن ھەج ئادا تېپىلمىسا بۇنىڭغا ھاۋالە قىلغۇچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. بەدەل ھەج قىلىشتا ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئۆيىدىن باشلاپ ھەج قىلىپ كەلگۈچە بولغان يول چىقىمىنى ھەمدە تۇرمۇش چىقىمىنى بەدەل ھەجنى ھاۋالە قىلغۇچى تۆلىشى، ئەگەر ئىقتىسادىي يار بەرمىسە ئىقتىسادىي يەتكەن جايدىن باشلاپ چىقىمنى كۆتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ھەجنىڭ پەرزلىكى بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئۆيىدىن ھەرەمگە بېرىپ كەلگۈچە بولغان يول خىراجىتى، شۇنىڭدەك بارلىق چىقىملارنى كۆتۈرەلەيدىغان ئىقتىسادىي ئاساس بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. ئەمما ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلغۇچى ھەجگە بولغان نورمال ئېھتىياجىدىن باشقا چىقىملارنى قىلسا، مەسىلەن مەككىدە بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا ياكى ھەجگە زۆرۈر بولمىغان چىقىملارنى قىلسا ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلغۇچىنىڭ ئۆزى كۆتۈرىدۇ.

بىز ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە بەدەل ھەج قىلدۇرماقچى بولساق، شۇ كىشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ھەج قىلىش شەرتىگە توشامدۇ؟ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانمۇ؟ بەدەل ھەجگە پۇل ئاجرىتىپ قويغانمۇ؟ ياكى ئۇنىڭدىن قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشقا يېتەمدۇ؟ ئەگەر يەتمىسە شۇ پۇل يەتكەن جايدىن باشلاپ بەدەل ھەج قىلىشقا يولغا چىقامدۇ؟ ياكى ئۆزىمىز ئىختىيار قىلىپ پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرىمىزمۇ؟ دېگەنلەرنى ئالدى بىلەن ئويلىشىمىز كېرەك. بىز ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە بەدەل ھەج قىلدۇرغاندا ئەڭ ياخشىسى شۇ كىشىنىڭ ھەج ئۈچۈن توپلىغان مېلىنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ھەج ئۈچۈن توپلىغان پۇلى تۈگەپ كەتكەن بولسا، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرسە ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئۇنىڭ گەدىنىدىكى ھەج پەرزىنىڭ ساقىت بولۇشى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بەدەل ھەج قىلدۇرساق بولىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمىز يار بەرمىسە چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويۇشىمىز شەرت ئەمەس.

ئۆلۈپ كەتكەن كىشى پۇل ئاجرىتىپ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلىپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا شۇ كىشىنىڭ دەل ئۆزى ۋاكالىتەن بەدەل ھەج قىلىشى كېرەك، باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. بەدەل ھەج قىلغۇچى ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىنى بۇزۇپ قويۇپ، كېيىن قازاسىنى قىلىپ تولۇقلىغان بولسىمۇ بۇ ھەج بەدەل ھەج قىلغۇچىغا تەۋە بولۇپ، ھاۋالە قىلغان كىشىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى تۆلىشى كېرەك.

بەدەل ھەجنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ئىجارىگە ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ. يەنى مەن سېنى مۇنچە پۇلغا مېنىڭ ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشقا ئىجارىگە ئىشلىتىمەن دېيىش دۇرۇس ئەمەس، بىر قىسىم ئۆلىمالار "ئىجارە" دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، سەن ماڭا بەدەل ھەج قىلىپ قوي دەپ ئۆزىنىڭ بېرىدىغان پۇلى ئۈستىدە سۆزلەشسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقىدەك شەرتلەر ئاساسىدا گەدىنىگە ھەج پەرز بولۇپ چۈشۈپ، ئۆزلىرى بىۋاستە ئورۇندىيالماي باشقىلارغا ئۆزى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلسا، ئورۇندالغان بەدەل ھەج ھاۋالە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پەرز ھەج ھېسابلىنىدۇ. بەدەل ھەجنى ئورۇندىغۇچىلار ئۈچۈن نەفلى ھەج ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەدەل ھەج قىلدۇرغۇچى كېسەل سەۋەبىدىن ياكى باشقا ئاجىزلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەدەل ھەج قىلدۇرغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ ياكى ئاجىزلىق تەرەپلىرى تۈگەپ، ئۆزى بىۋاستە ھەج قىلالىغۇدەك ئىقتىدارى بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ

كىشىنىڭ باشقىدىن ئۆزى ئۈچۈن بىۋاستە ھەج قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ھەر جەھەتتىكى شەرت-شارائىتلار توشماي ھەج پەرز بولمىغان كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلىشنى ھاۋالە قىلسا ياكى ھايات ۋاقتىدا ھەج پەرز بولمىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز ئۇلار ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇپ قويۇشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلساق، ئورۇندالغان بۇ بەدەل ھەج ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە نىسبەتەن نەفلى ھەج ھېسابلىنىدۇ. بەدەل ھەجنى ئورۇندىغۇچىلارغا نىسبەتەن ھەم نەفلى ھەج ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككىسىگىلا پەرز ھەج ھېسابلانمايدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر بەزى ھاجىلىرىمىز مەككە مۇكەررەمەگە ھەج ئۈچۈن بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقان ياكى يېقىنلىرى ئۈچۈن بەدەل ھەج قىلدۇرۇش نىيىتىدە شۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرگە پۇل بېرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا بەدەل ھەج قىلىپ بەرگۈچىنىڭ بەدەل ھەج قىلىش شەرتىگە توشىدىغان-توشمايدىغانلىقىغا قاراپ ھاۋالە قىلىشى كېرەك. ئىمانى ئاجىز بەزى كىشىلەرنىڭ بەدەل ھەج قىلىپ بېرىش نامى بىلەن پۇلنى ئېلىۋېلىپ، ھەتتا بىر مۇنچە كىشىلەرگە بەدەل ھەج قىلماقچى بولۇپ پۇل يىغىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە بەدەل ھەجنى ئادا قىلماي قويۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغان بىر ھاجى پەقەت بىرلا كىشىگە بەدەل ھەج قىلالايدىغان شەرتنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئوقۇتقۇچىسى: ئۇستازى:
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## دۇنيا بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ فاكۇلتېت ئەسلىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىققان بولۇپ، جۇڭگودىكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى تۇنجى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ فاكۇلتېتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو مىللىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر كونكرېت نامايەندىسى. مۇراسىمغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە رەپىقىسى گۈلباھار خانىم، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىزى خانىم، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ يەن، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تەۋەككۇل تىلىۋالدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئۆمەرجان، مائارىپ مىنىستىرلىقى مىللىي مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرەھىم ھوشۇر، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ھەبىبۇللا، يەن يۈيمىن، مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرۇپ بارات، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالىمجان سابىت، مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن قادىر، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەن چىڭپىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت پروفېسسورى گېڭ شىمىن ئەپەندى قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى. مۇراسىمدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوكتور يېتەكچىسى دوكتور لېتىپ توختى فاكۇلتېت كەسپىنىڭ 1951 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋاڭ يەن ۋە گېڭ شىمىن ئەپەندى فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. كەچلىك تەبرىكلەش پائالىيىتىگە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد ۋە رەپىقىسى سەلىمە خانىم ئىشتىراك قىلدى. ئىسمائىل ئەھمەد مەزكۇر فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن دىنىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەھرىرى ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. مەزكۇر فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىق شەرىپىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 10 مىڭ يۈەن ئىئانە ئاتاپ ئالاھىدە تەبرىكلىدى.

# سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش توغرىسىدا*

مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت! ھەممىڭىزگە مەلۇم، سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان، كەم بولسا بولمايدىغان ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىنسانلارنىڭ سەۋر قىلىشى ۋە چىدامىلىق بولۇپ سەۋر ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە ھىدايەت تەلەپ قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ نۇرغۇن ھەدىسلەردە ۋە ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە سەۋرنىڭ ۋە چىدامىلىق بولۇشنىڭ ئىنسانلارغا نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار،..."** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 200-ئايەت}.

سەۋر قىلىش كۆڭلى ھاۋايى ھەۋەسنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئۈمىد قىلىپ، شۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتىش، ئازار كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىقفا، يوقسۇزلۇققا، مۇسىبەتلەرگە ۋە بالايى ئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، رازىلىق بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر. سەۋر قىلىش ئىنساننى ئۆز تەبىئىتى گۇناھ مەئسىيەتلەرنى قىلىشقا زورلىسىمۇ، ئۇ ئىشلاردىن توسۇيدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقىي سەۋر ۋە چىدامىلىققا ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت-تىت بولمايدۇ، گاڭگىرمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ قاراپ، ئاللاھدىن ئۇنى يەڭگىللىتىپ بېرىشىنى ۋە سىناقلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىگە ياردەم بېرىشىنى تىلەيدۇ.

ئى ئەھلى جامائەت! ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايىساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى ئەسلەيدۇ، ئاللاھدىن ئۆزىگە باشپاناھ بولۇشنى تىلەيدۇ، ئاللا ماڭا مۇشۇ سىناقنى سالغان ئىكەن ئۆزىنىڭ رەھمان سۈپىتى بىلەن ماڭا ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئاللاھقا يېلىنىدۇ. سەۋر قىلىش بىلەن ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، سىناقلار ئالدىدا تېڭىرقىمايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ سىناقلاردىن ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىدامىلىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ.

بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 96-ئايەت}.

ئاللاھ يەنە تۆۋەندىكى ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ ئېيتىدۇكى: مېنىڭ مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇ مېنىڭ ساۋاب بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىپ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايمەن"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىغا كاتتا ئەجىر بېرىدۇ. سەۋر قىلمىغان، زاماندىن، تەقدىردىن ئاغرىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئېغىر مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلتۈرۈش ئارقىلىق سىنايدۇ، شۇ ئارقىلىق بەندىسىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى كۆچەيتىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسان بۇنداق سىناقلارغا دۇچ

*مەزكۇر ماقالە 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

كەلگەندە ھەرگىز تەقدىردىن، جۈملىدىن ئاللاھدىن ئاغرىنماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ بەندىلەرنىڭ سىناقلار ئالدىدا ئۆزىگە غەزەپلەنمەسلىكىنى تەكىتلەپ تۆۋەندىكى ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: ’’**ئەڭ زور مۇكاپات ئەڭ چوڭ سىناقلار بىلەن بىللە، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى سىنايدۇ، رازى بولغانلاردىن رازى بولىدۇ، غەزەپلەنگەنلەرگە غەزەپلىنىدۇ**‘‘ (ھەدىس قۇددۇسى، ئىبنى ماجە، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

شۇڭىدەك، سەۋر قىلىش ئىنسان ئۆزىنىڭ روھىي ۋە نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولغاچقا، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە سەۋر ئاتا قىلىشىغا موھتاج. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”**سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كېلىدۇ**‘‘ {سۈرە «نەھل»(16-سۈرە)، 127-ئايەت}. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ’’**ھېچ كىشىگە سەۋردىن ئارتۇق ۋە كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق**‘‘ (ئۇسۇل خەمسەدە رىۋايەت قىلىنغان).

ئەھلى جامائەت ! خۇددى يۇقىرىقى ھەدىستە دېيىلگەندەك ئاللاھ بەندىسىگە سەۋردىنمۇ ئارتۇق سوۋغا ئاتا قىلمىغان. سەۋر ھەر بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن مەيلى كىشىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلىك ئالاقىلەردە ياكى دىنىي پائالىيەتلەردە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ئىنسان سەۋردىن ئىبارەت بۇ نۇرنى جايىدا ئىشلىتىشى كېرەك، يەنى سەۋر قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەخلاق پەقەت مۇسىبەتكە ۋە كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغاندا ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئىنسان كىچىك كۈلپەتلەر ئالدىدا سەۋر قىلىپ، چوڭ مۇسىبەت ۋە كۈلپەتلەر ئالدىدا سەۋر قىلالمىسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ سەۋرىسى سەۋر بولمايدۇ.

ئىنسان ھاياتىدا ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن ۋە دوست-يارەنلىرىدىن ئايرىلىشتىنمۇ ئارتۇق چوڭ مۇسىبەت بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ۋاقىت دەل ئىنسان سەۋر قىلىدىغان ۋە چىداشلىق بېرىپ ئاللاھنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىدىغان پەيتتۇر. بۇ توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ’’ **ئاللاھ ياخشىلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى مۇسىبەتدار قىلىدۇ**‘‘ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمانلار! بىز چوقۇم مۇشۇنداق چوڭ سىناقلار ئالدىدا سەۋر قىلىشىمىز ۋە مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ مېيىت ئۈچۈن ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلاش، ياقىلىرىنى يىرتىپ، قوشاق توقۇپ يىغلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇ دۇنياغا ياراتتى يەنە ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالساق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولمىغان بولىمىز ھەم بىزنىڭ شۇ ئىشلىرىمىز تۈپەيلى مېيىتمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئازابقا دۇچار بولۇپ قىلىشى مۇمكىن .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە: ’’پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز بالىسى سەكراتقا چۈشۈپ قىلىپ چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : **ئۇنىڭغا سالام دېگىن، ئۇنىڭغا دە، ئاللاھ ئالغان نەرسە بەرگەن نەرسە ھەممىسى ئاللاھنىڭ، ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق، سەۋر قىلسۇن، ئاللاھدىن ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن**‘‘ دېگەن. ’’رەسۇلۇللاھ ئۇن سېلىپ يىغلىغان ئايالدىن، ھازا تۇتۇش يۈزىسىدىن چېچىنى ئالدۇرىۋەتكەن ئايالدىن ۋە كىيىملىرىنى يىرتقان ئايالدىن بىزار بولغانىدى‘‘(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇنداقلا: ’’**ئۆلگەن ئادەم قەبرىدە ئۇنىڭغا باشقىلار ئۇن سېلىپ يىغلىغانلىق سەۋەبلىك ئازاب چېكىدۇ**‘‘دېگەندى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشكە بولىدۇكى، ئاللاھنىڭ ئېلىپ كەتكىنى ئۆزىنىڭ بەرگەن نەرسىسى. شۇڭلاشقا ئىنسان بۇنداق مۇسىبەتلەرگە سەۋر ئارقىلىق بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاللاھ مېيىتكىمۇ ۋە دۇئا قىلغۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ساۋاب بېرىدۇ. مۇشۇنداق قىلغۇچىلار ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ”**بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا(جەننەت بىلەن)خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار :’بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز’دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 155-، 156-، 157-ئايەتلەر}.

چىدامىلىق بولۇش ھەر بىر سالىھ مۇسۇلماننىڭ شۇئارى،

راستچىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن تەس.

چىداملىق بولۇش مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ئۇزىنى توغرا يولغا باشلىشىنى ئۇمىد قىلىپ، مۇسىبەت، خورلۇق ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندا سەۋر قىلىش، بەرداشلىق بېرىش ۋە ئاللاھدىن ئۆزىگە ئەجرى ئاتا قىلىپ ياخشى، سالىھ بەندىلەردىن قىلىشنى ئۇمىد قىلىشتۇر. چىداملىق بولغان ئادەم يامانلىققا يامانلىق قىلمايدۇ، ئەكسىچە يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇچۇن قارشى تەرەپتىن قىساس ئالمايدۇ. شەخسىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماستىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىگە نەمۇنە ۋە ئۈلگە قىلىدۇ.

ئەھلى جامائەت! بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىمىزدا باشقىلار بىلەن سۈركىلىپ قېلىش ۋە ئازارلىشىپ قېلىشتىن خالىي بولالمايمىز. بەزى ۋاقىتتا ھەتتا باشقىلارنىڭ ئەززىيەت بېرىشىگە ئۇچرايمىز. مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. قارشى تەرەپكە سىلىق، ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇپ يامانلىققا يامانلىق قىلماستىن، بەلكى ياخشى پوزىتسىيە بىلەن قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا قارشى تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يېنىشى مۇمكىن. بىزمۇ ھەم بىر مەيدان كۆڭۈلسىزلىكتىن ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ"** {سۈرە «فۇسسىلەت» (41-سۈرە)، 34-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. "ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراۋاتاتتىم، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى، قەۋمى ئۇنى ئۇرۇپ قان چىقىرىۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاننى سۈرتۈۋېتىپ: 'ئى ئاللاھ، قەۋمىمنى كەچۈرگىن، ئۇلار بىلمەيدۇ' دېدى"** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى سەۋرچان ۋە چىداملىق ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا ئىسلام دەۋىتىگە ئۆتكەندە قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ نۇرغۇن ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئۇلارغا بەددۇئا قىلمىغان. ئەكسىچە چىداشلىق بېرىپ، سەۋر قىلىپ ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىشنى ۋە ئىمان نۇرى سېلىشنى تىلىگەن. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەبۇ جەھىل بوغۇزلاپ بۇتقا قۇربانلىق قىلغان بىر قوينىڭ بالىياتقۇسىنى ئۇنىڭغا ئاتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمەستىن، قىزى فاتىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇچىسىنى تازىلاتقاندى.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز مۇسۇلمانلار ھەممە ئىشىمىزدا رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك. رەسۇلۇللاھنىڭ چىداملىق ۋە سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقى-پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر. سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خىسلەتنى ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلىك ئالاقىلىرىمىزدا ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىمىزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋرچان، چىداملىق روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىمانىمىزنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ئۇچۇن ئاساس سېلىشىمىز ۋە شارائىت ھازىرلىشىمىز كېرەك .

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز بىردىنبىر ئىگىمىز، يۆلەنچۈكىمىز، مەدەتكارىمىز ۋە پەرۋىشكارىمىز بولغان ئاللاھ تائالادىن ھەممىمىزگە كۈچلۈك چىداملىق، سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك روھىنى ئاتا قىلىپ، بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان، بىزدىن ئۆزى رازى بولىدىغان، بىزمۇ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان، ئىككىلا ئالەمدە نىجاتلىققا ئېرىشكەن بەختلىك بەندىلەردىن قىلىشنى تىلەيلى!

ئۈمىدكى، ئاللاھ بىزلەرنى سەۋر ۋە چىداملىق ئارقىلىق ھەر قانداق مۇشكۈلات ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب قىلىپ، ئىمانىمىزنى مۇستەھكەملەپ، سەۋردىن ئىبارەت بۇ نۇر بىلەن قەلبىمىزنى يورۇتۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن يىراق قىلغاي ۋە شۇ ئارقىلىق بىزلەرنى ئىككىلا ئالەمدە نىجات تاپقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ، بىزنىڭ ئاخىرقى غايىمىز ۋە ئۆمۈرلۈك ئۈمىدىمىز بولغان جەننەتتىن ئىبارەت بېھىشقا ئېرىشتۈرگەي-ئامىن!

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە

◄ ھەسەن داۋۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل قائىدە-يوسۇنلار ئارقىلىق، نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈنلەرنى، زىياپەت مەرىكىلىرىنى ۋە بېرىش-كېلىش مېھماندارچىلىقلارنى قىلىشتا ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي كۆرمەي، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىپ، پۇل-ماللىرىنى خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىۋاتىدۇ. بۇ ھەشەمەتچىلىكتىكى چوڭ ئىسراپچىلىقلار، چوڭ بۇزۇپ-چېچىشلار چوڭ ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ئىسلامىيەتكە خىلاپ بۇ ئىشلارنى سەۋرچانلىق بىلەن توسۇش ۋە بۇ ئىشلارغا چەك قويۇش ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئارزۇسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدىن چىققان غەمگۇزار كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئەئراف» سۈرىسىنىڭ 31-ئايىتىدە: **"يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەققەتەن ياقتۇرمايدۇ"** دېگەن. «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسىنىڭ 26-، 27-ئايىتىدە: **"تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەققەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى"** دېگەن. خاتەمۇل ئەنبىيا(پەيغەمبەرلەر تۈگەنچىسى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم)مۇ: "ئىسراپ قىلىش ھارام"، **"پىلانلىق بولۇش ھاياتلىقنىڭ يېرىمىدۇر"** دېگەن. يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تىرىشچان بولۇشىنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن، ئىسراپ قىلىشتىن ۋە خالىغانچە مەنمەنچىلىك، چوڭچىلىق قىلىپ تاپقان پۇل-ماللىرىمىزنى بەتخەجلىك بىلەن تۈگىتىۋېتىشتىن قاتتىق توسقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزدىن دۇرۇس ئادەم بولۇش، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش، ساغلام بولغان ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش; تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاللاھ يولىدا تۆھپە قوشۇش، مەسىلەن، ئىسلامىيەت جامائەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، تۇغقان-نامراتلار، يىراق-يېقىن قوشنا، يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان.

«فۇرقان» سۈرىسىنىڭ 67-ئايىتىدە: **"ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ"** دېيىلگەن. يەنە «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسىنىڭ 29-ئايىتىدە: **"قولۇڭنى بويۇنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن(يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، ئۇنداق قىلساڭ (پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن"** دېگەن. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا بىزگە تاپقان مال-دۇنيانى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىقنى، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئاخىرىدا قولىدا ھېچنېمە قالماي ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغانلىقنى ھەمدە پۇل-ماللارنى خەيرلىك، ساخاۋەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەپسۇسكى ھازىر بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇيۇك ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمىگە ئۇچۇقتىن ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، باردى-كەلدى، چوڭ-كىچىك يىغىلىشلاردا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ-كىچىك مەرىكىلەرنى شەھەرلەردىكى چوڭ رېستورانلاردا ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا نەچچە 10 مىڭ يۈەننى دوغا تىكىپ كۆل قىلىپ تۈزۈتىۋاتىدۇ.

تەۋسىيەمىز شۇكى، ھازىر ئىسلاھات كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان، تەرەققىيات كۈندىن-كۈنگە رىقابەتكە دۇچ كېلىپ كەسكىنلىشىۋاتقان ھازىرقى كۈندە بىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھالاكەت پاتقىقىدىن

◄(ئاخىرى 19-بەتتە)

# خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى

ھەسەن قارىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىلىم-پەن يۇقىرى باسقۇچقا يېتىپ ئۆز كۈچىنى تازا كۆرسىتىۋاتىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئارقىلىق دىنىمىز قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ياخشى بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ دائىرىلىك تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا «سەھىھۇلبۇخارى»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق كىتابلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان نۇرغۇن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە نەھيى قىلىنغان(توسۇلغان) گۇناھ ئىشلاردىن يېنىپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قالغان بەزى نادان مۇسۇلمانلىرىمىز نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ شەرىئەتكە لايىق، نېمىنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىنى تونىماستىن، بەزىبىر ئادىمىي شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەسىر بولماقتا. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەم مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقىنىنى ئاز دەپ، بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇلارنىڭ قالاق، قاتمال ئېڭىغا ئۆرپ-ئادەت تۈسىنى ئالغان، ئۇلارچە ئىبادەت دەرىجىسىگە يېتىپ يەتكەن بەزى قالاق ئىدىيە ۋە خاتا كۆزقاراشلار سىڭىپ كەتكەن. ئۇ بولسىمۇ خۇراپاتلىقتۇر.

مىللىتىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سېھىرگەر، پالچى ۋە جىنكەش باخشىلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئىشىنىش، ئەگەر كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنمەي باخشى-جىنكەشلەرگە كۆرۈنۈش، ئۇلارنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىش، پالچىغا رەم سالدۇرۇش، مازار-ماشايىخلاردىن گۇناھنى تىلەش ۋە مەدەت-ياردەم سوراش، مازارلارغا بېرىپ يېتىۋېلىش، مال ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش، ھەر خىل نوكچا قاداش، ئىسرىق سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىشلار شۇ كىشىنىڭ ئىمانىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. دۇئانى ئاللاھقا قىلىش كېرەك، ئاللاھ تائالا خالىسا دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ، شىپانىمۇ ئۆزى بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھنى قويۇپ، ئاللاھتىن غەيرىيدىن مەدەت تىلەپ ياردەم سورىسا، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنداق كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ دوزاخ ئازابىغا قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. ”**(ئى مۇشرىكلار!)، ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر**“ {سۈرە«ئەنبىيا»(21-سۈرە)، 98-ئايەت}. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن، كىشىلەرنى ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئالدايدىغان رەمچى، باخشى، جىنكەش قاتارلىقلارنىڭ ھەم ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامان ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقى ئېنىق.

بولۇپمۇ، بەزى كىشىلەر بالىلىرى ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرسەتمەي رەمچى-باخشىلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر مازارلارغا بېرىپ، كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىغا دۇئا قىلىۋاتىدۇ. كېسەلنى دوختۇرخانىدا داۋالاتماي، باخشىلارغا سەۋەب قىلدۇرىمىز دەپ كېسەلنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ھاياتىدىن ئايرىلغانلىرىمۇ بار.

2000-يىلى بىر قىزچاق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەنىدى، بىر كۈنى ئۇنىڭ گېلى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ، يۇقىرى قىزىتما تۇيەيلىدىن چۈچۈپ جۆيلىگەن. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ” قىزىمىزغا جىن چېپىلىپتۇ، باخشىغا پىرە

ئۇيىنىستايلى» دەپ بىر باخشىغا ئىككى كۈن سەۋەب قىلدۇرغان. نەتىجىدە قىزچاقنىڭ ساقىيىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ گەپ-سۆزدىن قالغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتكەندە، دوختۇرلار» يۇقىرى قىزىتما تۈپەيلىدىن مېنىنگىت (مېڭە پەردە ياللۇغى) بوپتۇ» دەپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە داۋالاش ئۇسكۈنىسى، بەل ياستۇق، دورا-ئوكۇللارنى تەييارلاپ بولغىچە قىزچاق ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالدى.

قوشنىمىزنىڭ ئايالى بويىدىن ئاجراپ كېتىپ، قان ئازلىق تۈپەيلىدىن نېرۋىسى ئاجىزلاپ، سۆزلەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ قوشنىمىز ئايالىغا بىر باخشى تېپىپ كېلىپ، ئۆيگە تۇغ باغلاپ پىرە ئويناتقان. قولۇم-قوشنىلارنى چاقىرىپتىكەن، كىردۇق. بىر ئاقساقال باخشى بىر قاچىغا مەشتىن ئوت ئېلىپ ئىسرىق سېلىپ كېسەلنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ دۇئاغا قول ئاچتى، «ئامىن» دېگەندە ھەممىيلەن قول كۆتۈردۇق. بۇ باخشى بىزنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ: «ئاپپاق خوجامدىن تىلىدىم، ئۇ داخىنىمدىن تىلىدىم» دەپ، مازار خوجاملاردىن مەدەت تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. بىرسى داپ چېلىپ، داپقا كەلتۈرۈپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى، بىز قايتىپ چىقتۇق. كېيىن ئۇقسام ئۇلار بىر قوينى ئوغرى ئالدى قىلىپ سويۇپتۇ، 400 سوم پۇل ئاپتۇ. ئۇ ئايال كېيىن دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ئاران ساقايدى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: « (ئى **مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: 'ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى-يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇشخەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»** {سۈرە «ئەئراف»(7-سۈرە)، 188-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر **كاھىن (رەمچى)نىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ»** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

مۆھتەرەم قېرىنداشلار! بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولىدا ماڭايلى! ھەر بىر مەسچىت ئىماملىرىمىز جامائەتكە تەشۋىق-تەربىيىنى ئوبدان بېرىپ، يۇقىرىقىدەك خۇراپىي ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئېزىقىپ يۈرگەن بەزى دىنىي قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزايلى! ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى توغرا شەرىئەت يولىدا ماڭغىلى نېسىپ قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: ئىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئابدۇخالىق قارى ھاجىم ئالەمدىن ئۆتتى

داڭلىق ئۆلىما، پوسكام جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇخالىق قارى ھاجىم 2004-يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا پوسكامدا ۋاپات بولدى. مەرھۇم پوسكام ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1916-يىلى تۇغۇلغان، 1926-يىلدىن 1939-يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان، 1978-يىلدىن بېرى پوسكام ناھىيىسىدە ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پوسكام ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. قارىي ھاجىم ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن بولۇپ، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى. 9-ئاينىڭ 18-كۈنى پوسكام جامەدە نەچچە مىڭ مۇسۇلمان مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. قارىي ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەسەللى ئېيتىش بىلەن بىرگە مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى. (ياقۇپ ھاجى)

# ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئەمەتجان ئابلىمىت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك مۆھتەرەم ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاتا-ئانا دېگەن سۆزنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئاسان ئەمەس، ئاتا-ئانا دېگەن سۆز ئىنسان يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. دۇنيا مىقياسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغانلارنىڭ قايسىسىنىڭ شانى-شەۋكىتى ئاتا-ئانىنىڭ پەرۋىشىدىن ئايرىلىپ باققان. ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىنى ئۆزگە يۇقتۇرمىغان كىشىنىڭ ھاياتلىق سەپىرى چىرىمدان چىرمىۋالغان، سايىسى يوق دەرەختەك قەدىرسىز بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدا كاتتا پەزىلىتى، ئۇلۇغ ئورنى ۋە يۈكسەك قەدىر-قىممىتى بار. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى بىردەك ئاتا-ئانىنىڭ قەدرىنى ھەر قانداق نەرسىدىن ئۈستۈن بىلىپ، چەكسىز ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن ئۇلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئاتا-ئانىنىڭ قەدرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. قېرىنداشلار! ئاتا-ئانا ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ ئۆز پەرزەنتىنى تولىمۇ قىزغىن سۆيىدۇ. دۇنيادا بالىسىنى سۆيمەيدىغان ئاتا-ئانا بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى بالىنىڭ بەختلىك، مەرتىۋىسى يۇقىرى، ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ چەكسىز يۈكسەكلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار ئەقلىي تەپەككۇرنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، بالىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىلىم-ئىرپان، ھۈنەر-كەسىپ، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل قائىدە-يوسۇن، شەرمى ھايا بىلەن دىيانەتلىك قىلىپ بېزەشكە تىرىشىدۇ.

ئاتا ئائىلىنىڭ يوقىنى بار قىلىش ئۈچۈن دائىم جاپا چېكىدۇ، ئۆمۈر بويى كەتمەننى تاشلىماي، تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلىپ، بالىنىڭ يېتىپ قوپۇشى ئۈچۈن ئۆي-جاي ھازىرلايدۇ، كىيىشى ئۈچۈن كىيىم-كېچەك تاپىدۇ، يېمەك-ئىچمىكى ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، ھېرىپ-چارچاپ، ئاچ-توق قالغىنىغا قارىماي، ئاش-نان تېپىش كويىدا بولىدۇ، كېچىلىرى بالىلىرى تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، ئاتا شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئېتىزدا تېرىغان زىرائەت، سەي-كۆكتاتلارغا سۇ ئاچىدۇ، ئۇلار تەييار بولسا بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىدۇ. دېمەك ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئائىلىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمگەك قىلغۇچى جاپاكەش ئاتىدۇر. قېرىنداشلار، ئاتىنىڭ بالا ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك مالاي بولۇپ تىرىشىدىغانلىقىنى، بالا ئۈچۈن ئوتقا كىرىشتىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى ئاتىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنت بىلىشى لازىم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"بالا ئاتىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرالمايدۇ، پەقەت بالا ئاتىنى قۇل ھالىتىدە تاپسا سېتىۋېلىپ ئازاد قىلسا، ئاندىن قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرالايدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بالا ئاتىغا ياردەملىشىشكە ھەمىشە تەييار تۇرۇشى كېرەك. ھەربىر پەرزەنتنىڭ ئاتىنى ھۆرمەتلەپ ھەمدە ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولۇشى بالىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك يۈكسەك بۇرچىدۇر. ئاتىنى رازى قىلماي ئۇنى رەنجىتكەن بالىنىڭ ئىشلىرى ھېچقانداق ئىلگىرى باسمايدۇ ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا ئابرۇيىمۇ بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر"**

{سۈرە «ئەھقاف» (46-سۈرە)، 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}

قېرىنداشلار! ئانا ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ، بالىنى ئاسراپ قورساق كۆتۈرۈپ، ئاخىرى ئاچچىق تولغاق يەپ

مۇشەققەتتە تۇغۇپ، ئاق سۈت بېرىپ، قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ئەقىل-زېھنىنى ئىشقا سېلىپ ئارام ئالماي، كېچىلىرى كۆز يۇمماي، توڭۇپ قالمىسۇن دەپ پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ، پوق-سۈيدۈكىنى ئادالاپ، غىزانىڭ ياخشىسىنى چايناپ، گېلىدىن ئۆتكۈزمەي يېگۈزۈپ، كېسەل بولۇپ قالسا ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، باش-كۆزىنى سىلاپ، ئىقتىساد سەرپ قىلىپ داۋالىتىپ، قويۇق يەمەسەن سۇيۇقمۇ دەپ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ، ياخشى تائام يېگۈزۈپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئورنىنى سېلىپ يىغىپ، ھەددى-ھېسابسىز جاپا تارتىپ، پەرۋىش بىلەن ئادەم قىلىپ ياشاش مەنبەسىنى روشەن يورۇتىدۇ. ئانا ئۆمرىدە داۋاملىق بالىنىڭ خۇشاللىقىغا خۇش بولۇپ، خاپىلىقىغا خاپا بولۇپ، قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ، بالىنى پەرۋىش قىلىش كويىدا بولۇپ، ياخشى يېمەي، كىيمەي، بالا بېقىپ ئىنسانلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىك قوشۇنىغا قېتىلسۇن دەپ، شارائىت ھازىرلاپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتىدۇ. تۈگىمەس جەبىر-جاپا تۈپەيلىدىن ياۋاش-يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئانىنىڭ چاچلىرىغا مەزگىلسىز ئاق كىرىپ، رەڭگى رۇخسارىنى قورۇق قاپلاپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، پۇتلىرىنىڭ تاپانلىرى پىچاق تىلغۇتەكەندەك تىلىنىپ، قوللىرى چاك-چاك يېرىلىپ كەتسە، ھاردىم-تالدىم دېمەي، ئېتىزدىن كىرمەي، ئاپتاپتا كۆيۈپ ئاچ-توق قېلىپ ئۆمۈر بويى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، كالىسىنى سېغىپ سۈتىنى، توخۇسىنى كاكىلىتىپ تۇخۇمىنى پۇل قىلىپ، بالام ''ياقا يۇرتلاردا، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا قانىتىدىن ئايرىلغان يېتىم قۇشتەك غېرىبسىنىپ، بويىنىنى قىسىپ قالمىسۇن، مۇساپىرلىق يەتمىسۇن'' دەپ يىغقان پۇلىنى يىراق شەھەردە ئوقۇۋاتقان بالىسىغا ئەۋەتىپ، ئۆزى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ''ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟'' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **''ئاناڭ''** دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ''ئاندىن قالسىچۇ؟'' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **''ئاناڭ''** دېدى. ئۇ ئادەم: ''ئاندىن قالسىچۇ'' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **''ئاناڭ''** دېدى. ئۇ ئادەم: ''ئاندىن قالسىچۇ؟'' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **''ئاندىن قالسا ئاتاڭ''** دېدى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلار! ئەقىللىق پەرزەنت ھېچقاچان ئانا مېھرىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. كىچىككىنە مەنپەئەتتىنمۇ ئانىسىنى بەھرىمەن قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت ئانىسىنى مىننەتدار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تەربىيىدە كامالەتكە يەتكەن پەرزەنت مەنسىپى ئۆسسە، جەمئىيەتتىكى ئورنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسە، ھەر قېتىم ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ شۇ ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدا پەرۋىش تاپقانلىقىنى ئويلاپ، ئانىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەرگىز قاتتىق-يىرىك سۆز قىلماي، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، تارتقان جاپاسىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ھەننان ئىبنى ئەتىيە ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشتىن قورقىدىكەن، ئۇ: ''ئانامنىڭ كۆزى چۈشۈپ ئەمدى يەي دەپ تۇرغان مېۋىسىنى بىلمەستىن يەپ قويسام، بۇنىڭدىن ئانامنىڭ كۆڭلى رەنجىسە، مەن گۇناھكار بولۇپ قالسام، ئۇ چاغدا ھالىم نېمە بولماقچى، مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن'' دېگەن.

قېرىنداشلار! لاياقەتلىك پەرزەنت ھەر بىر ئىشتا ئاتا-ئانىسىنى خۇشال قىلىدۇ. ئاتا-ئانا خۇرسەنلىكىنى ئۆزىگە كېلىدىغان ياخشىلىقىنىڭ باشلامچىسى دەپ بىلىدۇ. پەرزەنتنىڭ مۇرات-مەقسىتى، بەخت-سائادىتى ئاتا-ئانىنى رازى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بالا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ھەرگىز ئۇلارغا ئۇياتلىق، شەرمەندىلىك كەلتۈرمەي، ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ھەربىر ئىشتا ئۇلارنى مېھرىبان سىردىشىم دەپ بىلىپ، ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر''**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلار! ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىگە توغرا يول كۆرسىتىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئۆزىنى ئۇلاردىن ئەقىللىق ۋە بىلەرمەن دەپ ھېسابلىغان بالا كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە ھەرخىل ئاپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. بالا قىيىن ئەھۋال ۋە ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغاندا ئاتا-ئانىغا ئۇقتۇرسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي، تەجرىبىلىرى بىلەن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەرزەنت ئاتا-ئانىنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن چىقماي، بەرگەن مەسلىھەتىنى جان دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ دائىم يادىدا تۇتسا، بۇنداق بالا ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ. ئاتا-ئانىنى دائىم خوش قىلىپ، نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىش،

سادىق، ۋاپادار پەرزەنتنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىندۇر.

قېرىنداشلار! بالىنىڭ ئاتا-ئانا ئالدىدىكى بۇرچى قانداق ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، گۇناھ ئىش بولمىسىلا جان دىلى بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

ئاتا-ئانا پەرزەنتنى چاقىرغان بولسا، خۇش چىراي ئېچىپ، لەبەي دەپ جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش لازىم. يول كۆرسەتكۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"پەرزەنت بولغۇچى ئۆز ئاتا-ئانىسىغا رەھمدىل ۋە كۆيۈنۈش نەزىرىدە قارىغاندىلا بىر قېتىملىق ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابىنى ئالالايدۇ"**.

پەرزەنت ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە، ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئاچچىقلانماسلىقى، ئاتا-ئانا بار يەردە ئەدەپلىك بولۇپ ئۇلارغا دائىم قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى، ئاتا-ئانىنىڭ دوست-بۇرادەرلىرىگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈپ ھۆرمەتلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىش بىلەن ئۇلار دوست-بۇرادەرلىرى ئالدىدا ھۆرمەت تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھۇي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلدە بولغىن ۋە:'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا-ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۈرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 23-، 24-، 25-ئايەتلەر}.

قېرىنداشلار! پەرزەنتلەر ئاتا-ئانا ئوشۇقچە سۆزلىسىمۇ مالال كۆرمەسلىكى، ئاتا-ئانا نەسىھەت قىلسا خاپا بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇلار كۆپنى كۆرۈپ تەجرىبە ھاسىل قىلغان. ئاتا-ئانا قانچىلىك دەردمەن بولسا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشىش كېرەك. ئاتا-ئانىغا ۋارقىراپ-جارقىراپ گەپ قىلىپ ئۇلارنى غەزەپلەندۈرمەي، مۇلايىم بولۇپ، كۆپ سۆزلىمەسلىك، قوپاللىق قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرماسلىق، ئۇلار قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلسىمۇ ئۇلارغا پەس ئاۋازدا مۇلايىم بولۇپ گەپ قىلىش، ئۇلار گەپ قىلىۋاتقاندا سۆزىنى بۆلمەسلىك لازىم. ئۇلارنىڭ قانداق نەرسە سېتىۋېلىش ئىستىكى بولسا شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بېرىشكە تىرىشىش كېرەك. چۈنكى بىز ئۆسمۈرلۈك چېغىمىزدا نېمىنى خالىساق ئۇلار شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بەرگەن. بالا ئۆزىگە كىيىم-كېچەك ئېلىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئانىغا ئۆز يېشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان، ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىيىم-كېچەك ئېتىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ چىرايلىق كىيىنىپ تەڭتۇشلىرى بىلەن يۈرگىسى كېلىدۇ. ئاتا-ئانىنى ياخشى تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش لازىم. ئۇلار بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ بىر داستىخاندا غىزالانغاندا يېمەكلىكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ يېگۈزۈش كېرەك. ئۇلار پەرزەنتلىرىگە ئۇلۇغ مېھمان ھەم بالىغا يول كۆرسەتكۈچى روشەن چىراغ.

يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئاتا-ئانىسىنى ياكى ئۇلاردىن بىرىنى خارلىسا ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدۇ"**. قېرىنداشلار! پەرزەنتلەردىن ئاتا-ئانا پۇل سورىمىسىمۇ ئۇلارغا پۇل بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. پەرزەنت ئاتا-ئانىدىن باشقا شەھەردە بولسا تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال سوراپ تۇرۇشى، كۆرۈشكىلى كەلگەندە ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ قۇرۇق كەلمەسلىكى لازىم. پەرزەنت ئاتا-ئانىدىن بۆلەك بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ، بىر مەھەللىدە ياكى يېقىن ئەتراپتا بولسا ئەتىگىنى-ئاخشىمى يوقلاپ تۇرۇش، ھال ئەھۋالىنى سوراپ پات-پات چاقىرىپ مېھمان قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ياخشىلاپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا تاپقان تۆككىنىمنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، نېمىنى خالىساڭلار شۇنى بىمالال ئېلىۋېرىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭكىدەك كۆرۈڭلار دەپ ئارىدىكى ئۇيۇلۇش ۋە تارتىنىشلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئەمگەكلىرى بولسا قىلىپ بېرىپ، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلماي، ئۇلارنىڭ قەلبىنى زېدە قىلىشتىن ساقلىنىپ، ھەمىشە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش كويىدا بولۇش لازىم. پەرزەنت تاسادىپىي ئاتا-ئانىنى رەنجىتىپ قالغان بولسا دەرھال ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئەپۇ سوراپ، رازىلىقىنى ئېلىپ، ئىككىنچىلەپ ئۇنداق ئىشنى سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن ئاتلىنىشى لازىم.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ ئەگەر مەن كۈنگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇسام، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتسام،

زاكاتىنىمۇ تاپشۇرسام، ھەج تاۋاپىنىمۇ ئادا قىلسام، ئەمدى مەندە يەنە نېمە قالدۇ؟ ‘‘دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’’شۇنداق قىلغان بولساڭ پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر، پاك-دىيانەتلىكلەر بىلەن بىللە بولىسەن، ئەمما ئاتا-ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلار بۇنداق بولمايدۇ‘‘ دېگەن. (ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان)

قېرىنداشلار! ئاتا-ئانىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ جان ئۈزسە، قوشاق توقۇپ، ۋارقىراپ يىغلىماي، تېزلىكتە مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ، يەرلىكدە قويۇش كېرەك. ئاتا-ئانىنىڭ ئېلىشى بولسا قايتۇرۇۋېلىش، قەرزى بولسا قايتۇرۇۋېتىش، ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش كېرەك. شەرىئەتتە بەلگىلىنىشىچە ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىشمۇ پەرزەنتلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە نەيرەڭ ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىسا، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزگەرتىسە بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ قەبرىسىگە پات-پات بېرىپ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش كېرەك. ئاتا-ئانىنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقە بەرسە ئۇنىڭ ساۋابى ئاتا-ئانىغىمۇ بولىدۇ، سەدىقە بەرگۈچىگىمۇ ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىككى رەكەت زۇھا نامىزى ئوقۇش كېرەك(ئۇ نامازنىڭ ۋاقتى بامدات نامىزىدىن كېيىن ناشتىدىن بۇرۇن بولىدۇ). توغرا نىيەت بىلەن ھەرخىل ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش لازىم. مانا بۇ ھەربىر پەرزەنتنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك بالىلىق بۇرچىدۇر.

قېرىنداشلار! مېھرىبان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار بالىلىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىمىزنى، بىز پەرزەنتلەرنى ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن جامە ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتتى

ئاتاقلىق دىنىي زات، جامائەت ئەربابى، داڭلىق ئۆلىما، ئاقسۇ شەھەر خانىقاسىنىڭ ئىمام-خاتىپى يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى 2004-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا ئاقسۇ شەھرىدە ۋاپات بولدى. يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى ئاقسۇ شەھرىنىڭ ئايكۆل بازىرىدىن بولۇپ، 1932-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى تۇغۇلغان. 1940-يىلدىن 1945-يىلغىچە ئۆز يۇرتى ئايكۆلدە بىلىم ئالغان. 1945-يىلدىن 1948-يىلغىچە ئاقسۇ شەھرىگە قاراشلىق قۇمباش يېزىسىدا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1948-يىلدىن 1956-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىستە بىلىم ئېلىپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. 1957-يىلدىن 1963-يىلغىچە ئاقسۇ شەھرىدىكى ئاتاقلىق دانىش داموللامدىن بىلىم ئالغان. 1963-يىلدىن 1989-يىلغىچە ئۆز مەھەللىسىدە ئىماملىق قىلغان. 1989-يىلدىن 2002-يىلى 4-ئايغىچە ئاقسۇ لەڭگەر چوڭ خانىقاسىدا ئىمام-خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 7-، 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 1989-يىلدىن 2003-يىلغىچە ئاقسۇ شەھەرلىك 3-، 4-، 5-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تەسىرى زور، ھۆرمەتكە سازاۋەر، دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى زات ئىدى. ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ۋە ۋەز-تەبلىغ توپلىمىنىڭ ماقالىلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سوراش سوممىسى يوللىدى.

مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزى ئايكۆل بازىرىدىكى ئۆز مەھەللىسىدە ئوقۇلدى. نامازغا شەھەر ۋە ئەتراپتىكى قوشنا ناھىيىلەردىن بولۇپ ناھايىتى كۆپ كىشى قاتناشتى. يۇنۇس داموللا ھاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاقسۇ شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ھال سوراش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بىر قىسىم قوشنا ئورۇنلار تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ھەم مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. (ئابدۇخالىق ئالىم)

# قىز-يىگىتلەرگە مەسلىھەت

مۇھەممەت توختى ئاتاۋۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئىناق ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسى بىز ئەرلەر ئۈچۈن مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋاپادار ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش بولسا، ئاياللار ئۈچۈن ۋىجدانلىق، ئىمانلىق، ئۆزىنى ۋە ئايالىنى قوغدىيالايدىغان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى لايىق تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ بىز ئىسلام ئوغۇل-قىزلىرى ئۆزىمىزگە لايىق تاللاشتا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ چىققىلى بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭ چىن ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاك، ۋاپادار، چىداملىق بولۇپ چىقىشى ناتايىن. تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئىشەنگەن ئادەملەردىن كۆپىنچە ھاللاردا چاتاق چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، شۆھرەت قازىنىش كويىدا، يۈز-ئابرۇي، مال-دۇنيا ئارقىسىدىن قوغلىشىدىغانلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، ھەتتا پۇل-مالنى دەپ مېھىر-مۇھەببەتسىز توي قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنداق قىلمىش ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز تەرىپىدىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. يۇقىرىقى مەقسەتتە توي قىلغۇچىلارنىڭ بەختلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن چوڭ ئەخمەقانىلىقتۇر. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ياخشى لايىق تاللىغىلى بولىدۇ؟ زادى قانداق كىشىلەرنى لايىق قىلىپ تاللىساق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەڭگۈ بەختلىك بولالايمىز؟ بۇ ھەقتە پۈتكۈل مەخلۇقات ئاجىز كەلگەن ئىشلىرىدا ياردەم سورايدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسى، ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقان پەرۋەردىگارى، شانۇ شەۋكەتلىك ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە قانداق ئەرنىڭ قانداق ئايالغا، قانداق ئايالنىڭ قانداق ئەرگە لايىق ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: “**يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر...**” {سۈرە «نۇر» (24-سۈرە)، 26-ئايەت}. “**مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ**” {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 67-ئايەت}. “**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر**” {سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 71-ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتلەردىن روشەنكى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆز خىلى بولۇپ، ھەممە نەرسە ئۆز خىلىغا مۇناسىپ. شۇڭا ئىنسانمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ لايىق تاللىشى كېرەك. كىمكى بۇ قانۇنىيەتتىن چەتنەپ كېتىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىز ئىسلام ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز، يەنى توي قىلىش ئۆمۈرلۈك ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەتتىكى سودا-سېتىقلارغا ئوخشاش سىناپ بېقىش، خالىغانچە قايتۇرىۋېتىش بولمىغانلىقتىن، ئىرادىمىزگە خىلاپ ھالدا ئۆزىمىزگە مۇناسىپ بولمىغان كىشىلەر بىلەن توي قىلىپ بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، توي قىلغۇچىلارنىڭ قايسى مەقسەتتە توي قىلسا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: “**كىشىلەر توي قىلىشتا بايلىق، چىراي، نەسەب ۋە دىيانەتتىن ئىبارەت تۆت نەرسىنى ئاساس قىلىدۇ. دىيانەتنى تاللىغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ زىيان تارتىسەن**” («مىشكاتۇل مەسابىھ» 267-بەت). بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر توي قىلىشتا بىر قەدەر ئومۇملاشقان تۆت خىل سۈپەتنى بايان قىلىپ ئاخىرىدا دىيانەتنى تاللاپ ئۇنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش لازىملىقىنى ئېيتقان. ئەلۋەتتە توي قىلىش ئۈچۈن قىز-يىگىتنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى تولىمۇ مۇھىم. قارشى تەرەپنى بىر قېتىم كۆرۈش بىلەنلا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش

ناتايىن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بەزى كىشىلەر لايىق تاللاشتا قارشى تەرەپنىڭ ئەخلاقى ۋە دىيانىتىدىن بىخەۋەر ھالدا، دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭ بايلىقىنىلا كۆزلەيدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۆز لايىقىنىڭ ئەخلاقى ۋە دىيانىتى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇنىڭ مەنسىپى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى قارىغۇلارچە گۈزەللىك قوغلىشىپ چىرايىنىلا كۆزلەيدۇ. ئەمما ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى قارشى تەرەپنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە دىيانەتلىك بولۇشى كېرەك. مانا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيىسىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىيانەت دېگەن سۈپەت يۇقىرىقى ئۈچ سۈپەت بىلەن بىرگە تېپىلسا ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىسى بولمىسىمۇ دىيانەت بولۇشى كېرەك، ئۇ ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىز ئىسلام ئوغۇل-قىزلىرىنى كىشىلەرنىڭ دىيانىتىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىغا ياكى گۈزەللىكىگە ياكى نەسىبىگە ۋە ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىغا بېرىلىپ توي قىلىشتىن توسقان. چۈنكى ئەر-ئاياللىق ھايات كۆپلىگەن مەسئۇلىيەت ۋە مۇشەققەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاياتتۇر. بۇ ھايات شارائىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئەر-ئاياللىقنىڭ ئاساسى پۇل-مالنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالسا، پۇل-مال مۇقىم تۇرمايدۇ، جاھان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۈنۈگۈنكى كاتتا بايلارنىڭ بۈگۈن قەلەندەر بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۈگۈنكى كاتتا بايلارنىڭ ئەتە قانداق گاداي بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن! مال-دۇنيا قولدىن ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قالسا بۇنداق تۇرمۇشنىڭ ئاساسى شۇئان يىمىرىلىدۇ. ئەگەر ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش پەقەت تاشقى قىياپەت، گۈزەللىك سەۋەبىدىن قۇرۇلۇپ قالسا، گۈزەللىك ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدۇ. ئادەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىيدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە كېسەللەر تۈپەيلىدىنمۇ چىراي سەتلىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىمۇ قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر ئادەمنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بەدبەشىرە قىلىپ قويىدۇ. ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش ئورۇن-مەرتىۋە، مەنسەپ ئۈستىگە قۇرۇلسا، مەنسەپمۇ بۈگۈن بار، ئەتە يوق بىر نەرسە. شۇنداق ئىكەن چىراي ياكى مەنسەپ ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرمۇشمۇ بۇ ئىككىسىدىن تۈيۈقسىز ئايرىلىپ قالسا شۇئان ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇنداق شارائىتتا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا چوقۇم ماجىرا چىقىدۇ ياكى ئاجرىشىدۇ، ئەڭ بولمىغاندىمۇ كۆڭۈلسىز، بەختسىز ھالدا بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەۋەب شۇكى، بۇ خىل ھايات ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان ئىنسانىي خىسلەتنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەخسىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان. ئەگەر ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش دىيانەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىكەن، دىيانەت مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم، ئەڭ كۈچلۈك نەرسە بولغاچقا، مۇسۇلماننىڭ بارلىق ئىگىدارچىلىقلىرى يوقالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىكى دىيانەت، ھېسسىيات يوقالمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ. ھەممىزگە ئايانكى، مۇسۇلمان كىشى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، باياشات ياخشى كۈنلەردە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ، قاتتىق ئېغىر كۈنلەردە ئاللاھقا سەۋر قىلىدۇ. رىئاللىققا ئىمانى ۋە سەۋر-تاقىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئامەتتى كەلسە باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، زىيان تارتسا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدۇ ھەم تاپا-تەنە قىلمايدۇ. دىيانەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئائىلىدىكى ئەر-ئايال مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار رىئاللىققا قانائەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق تونۇيدۇ ۋە ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئېسىل ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەيدىغان سۈپەت دىيانەتتۇر. توي قىلغۇچىنىڭ جۆرىسىدىن ئىزدەيدىغان ئەڭ ئاۋۋالقى نەرسىسى دىيانەت بولۇشى لازىم. شۇڭا بىز ئىسلام ئوغۇل-قىزلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىزگە چېتىشلىق بولغان بۇ مەسىلىگە تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، قىلچە بىخۇدلۇق قىلماسلىقىمىز، بۈيۈك ئاللاھ ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن دانا تاللاشنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۈيۈك ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بىزگە شۇنچىلىك كۆيۈنگەن، شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن تۇرسا بىز ئۆز قەدىر-قىممىتىمىزنى بىلەلمەي، ئىسلام كۆرسەتكەن يولدىن ئېزىپ، ئۆز نەپسى خاھىشىمىز بويىچە لايىق تاللىساق بولامدۇ؟

قەدىرلىك قېرىنداشلار، يۇقىرىقى بايانلاردىن ئايانكى، ئىسلام دىنى بىز ئىسلام ئوغۇل-قىزلىرىغا لايىق تاللاش ھوقۇقى بەرگەندىن سىرت، يەنە قانداق لايىق تاللاش كېرەكلىكىنى قانۇنىي ئاساسلار ئارقىلىق ئېنىق كۆرسەتكەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشى لايىق تاللاشقا ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ياشاشقا نېسىپ قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# موللا-ئۆلىمالىرىمىز بىلەيتاش بولۇپ قالمىسۇن

ئابدۇكېرەم قارىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ھۆرمەتلىك دىنىي قېرىنداشلىرىمىز!

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئاز بولمىغان موللا-ئالىملىرىمىز ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە ئىنسانىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، بۇ مەسئۇلىيەت ھەر قانچە ئېغىر، مۇشكۈل بولسىمۇ، ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ بىلىپ، ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى، خەلق ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن، جان پىدالىق بىلەن ھارماي-تالماي ئىشلەپ ھەقىقەتەنمۇ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ "**ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى**"(بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن سۆزىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ھەر كەسىپ كىشىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇلار مەيلى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ياكى گەپ-سۆزلىرىدە بولسۇن تەقۋا(ئاللاھتىن قورقۇش)نى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، رىيا، سۇمئە، ئۇجبە، مەنمەنلىك، تەمە، ھەسەت... قاتارلىق يىرگىنىشلىك ئىللەتلەردىن قەتئىي يىراق بولۇپ ھەقىقانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەقۋالىقى ئارقىلىق بەرداشلىق بېرىپ، ئىنچىكە ھالدا بىر خىل يۈنىلىشكە (ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا) قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۈيۈك ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تەشەببۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپ، ئارازلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئەگەر ئۆزىدە بولسا دەرھال تۈزىتىپ، باشقىلاردا بولسا سەممىيلىك بىلەن تەربىيە ئىشلەپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئۈچ بىر بولۇش (دىلى، تىلى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىر بولۇش) پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ، ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدىدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى دەستۇر، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يولباشچى، ساھابە-كىراملارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، داۋاملىق ئىلىم-مەرىپەت يولىدا ئىزدىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇردى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنىنى كەڭ جامائەتچىلىككە ئەينەن، ئېنىق يەتكۈزۈپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ "ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش" تىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىسىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇردى. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ھالال ياشاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، باشقىلارغا بېقىندى، باشقىلاردىن تەمە قىلىپ ياشاشنى ئۆزى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئار-نومۇس دەپ بىلدى. ھەر قانداق كىشىنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈشىگە، ئۇنىڭغا قارا چاپلىشىغا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئوبرازىنى قوغداشتا ھېچ نەرسىنى ئايىمىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى: "**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**" {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 104-ئايەت} ۋە "**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**"{سۈرە «فاتىر»(35-سۈرە)، 28-ئايەت} دېگەن ئايەتلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتى. قىسقىسى ئۇلار ئاغزىدا دېگەننى ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلەپ، "موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما" دېگەندەك سۆزلەرگە ئورۇن قالدۇرمىدى. جانابى ئاللاھ يۇقىرىقى سۈپەتتىكى موللا-ئالىملىرىمىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئاتا قىلسۇن-ئامىن!

ئەمما تولىمۇ ئەپسۇس، ناھايىتى ئاز ساندىكى موللا-

ئالىملىرىمىز ئۆزىنىڭ بىلىمىنى پەقەت ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا سەرپ قىلىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان بۇ ئىلىمنى باشقىلاردىن ماددىي نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ ياخشى بىر ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ''ھۆپۈپ كامادا، موللام تامادا'' دېگەندەك ئىسلامغا خىلاپ ئىللەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، داۋاملىق باشقىلاردىن تەمە قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بېزىرىپ، ئۆزىنى خار قىلىپ، يۈزىنى سېتىپ يۈردى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ھالال ياشاپ تۇرمۇشىنى قامداشنى خالىمىدى. تىرىكتاپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ لالمىلارچە ياشاشتىن ئىبارەت ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان يامان ئادەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ''**تەمەخورلۇق موللا ئۆلىمالارنىڭ قەلبىدىن ئىلىمنى چىقىرىپ تاشلايدۇ**'' (دارىمى رىۋايىتى) دېگەن سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇلار قەيەرگە بارسا شۇ يەردە ئىختىلاپ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە-ئىغۋا تارقاتتى. ئۆزىدىن بىر قەدەم ئالدىدا ماڭغان كىشىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئورا كولاپ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاختۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ ئىناۋىتىنى، يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈشكە تىرىشتى. ئۇلار ھەسەتخورلۇقنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ، نەقەدەر ناچار ئەخلاق، نەقەدەر يامان روھىي كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا چىدىماسلىق قىلىپ، ئىدىيىسى ئىلغار، ئەخلاقى گۈزەل، مەنىۋىيىتى دۇرۇس كىشىلەرگە ئىچكى ئۆچمەنلىك قىلدى.

ئۇلار يەنە ھە دېسىلا ''ئۆزەمنىڭ توغرا'' دەپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، باشقىلارنىڭ(كۆپ سانلىق، ئىلغار پىكىرلىكلەرنىڭ) پىكرىگە قوشۇلماي، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي تەئەسسۇپ يولىنى تاللىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەر، سەمىمىي، ئالىيجاناب، كەڭ قورساق بولۇش توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. جامائەت سورۇنلىرىدا ئەڭ ياخشى، ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسا، يالغۇز جايىنى تاپسا ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ناچار قىلىقلارنى قىلىپ ئىسلام دىنىمىزنىڭ، تەقۋادار ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈردى. تىلى باشقا، ئەمەلىيىتى باشقا بولۇپ مۇسۇلمانلارنى ئالدىدى. تەبلىغ ئەھكام قىلسا باشقىلار مېنى تازا كاتتا ئالىمكەن دېسۇن، قىرائەت قىلسا تازا ياخشى قارىكەن دېسۇن دەپ باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن قىلمىغان ھېيلىسى، سالمىغان دەسمايىسى قالمىدى. ئەگەر ئۆزى بىلمەيدىغان دىنىي مەسىلە سورالسا: ''مەن بۇ مەسىلىنى بىلمەيدىكەنمەن، كىتاب كۆرۈپ ياكى ئۆزۈمدىن يۇقىرى ئالىمدىن سوراپ جاۋاب بېرەي'' دېمەستىن، ئالدىراپ ھېلىقى مەسىلىگە خالىغىنىچە جاۋاب بېرىپ ئۆزىنىمۇ ئازدى، ئۆزگىنىمۇ ئازدۇردى. مەن بۇ يەردە كەڭ دىنىي ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى قايتا-قايتا تەۋسىيە قىلايكى، ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز بىلگەن ئىلىمگە چوقۇم ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەمەل قىلسۇن. ھەرگىزمۇ بىلەيتاش بولۇپ قالمىسۇن. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك بىلەيتاش پىچاقنى ئىتتىكلىتىدۇ، ئەمما ئۆزى كەسمەيدۇ. خۇددى ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر داموللام(ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەپ ئاچقۇچى) دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: ''سەن قانچە قېتىم توسسەن، ھالىبۇكى ئۆزۈڭ يانمايسەن، (قانچە قېتىم) نەسىھەت قىلىسەنۇ، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن. ھەي بىلەيتاش، سەن قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىكلىتىپ(نېمىشقا) ئۆزۈڭ كەسمەيسەن''. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ''**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟**'' {سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 44-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى پاجىئەلىك ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''**قىيامەت كۈنى ئۈچەيلىرى قورسىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ پۈتۈن بەدىنىگە يۆگىشىۋالغان، جۇۋازغا قاتقان ئېشەكتەك بىر ئىزىدا ئايلىنىپ تۇرغان بىر ئادەم يالاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىغا جۇغلىشىپ: 'ھەي، پالانى، ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ ھالغا چۈشۈپ قاپسەنغۇ؟ سەن دۇنيادا كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توساتتىڭ' دېيىشىدۇ. ھېلىقى ئادەم: 'شۇنداق، مەن باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم قىلمايتتىم، يامان ئىشتىن توسۇپ قويۇپ ئۆزۈم قىلاتتىم' دەپ جاۋاب بېرىدۇ**'' (مۇسلىم رىۋايىتى). بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال.

ئىلىم دېگەن ئەسلىدە ئىنساننىڭ ھاياتىي كۈچى، قەلبىنىڭ غىزاسى، ئەقلىنىڭ نۇرى. ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە، يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرىدىغان نۇرلۇق مەشئەل. لېكىن ئىنسان ئاللاھ ئاتا قىلغان بۇ ئىلىمنى ئۆز جايىغا سەرپ قىلماي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزمەي، ئۆز دىنىنىڭ قارشىسىغا(ئەكسىچە) ئىشلىتىپ زايا قىلىۋەتسە ئۇنداق ئىنساننىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالدا دوزاختا تاشلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئىلىم ئەھلى ئەڭ ئاۋۋال ئىلىم ئارقىلىق ياراتقان ئىگىسىنى تونۇشى،

دىنىنى، ئېتىقادىنى، ئېمىنىڭ ھەق، ئېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى تونۇشى، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن بىلگەن ئىلىمگە ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم.

ھۆرمەتلىك دىنىي قېرىنداشلىرىمىز، ھەر قانداق ياخشى ئىش بولىدىكەن ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قىلايلى. ھەر قانداق يامان ئىش بولىدىكەن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۆزىمىز قاچايلى. ھەرگىز پىچاقنى ئىتتىكلىتىدىغان ئەمما ئۆزى كەسمەيدىغان بىلەيتاش بولۇپ قالمايلى!

ئى ئاللاھ، بىزنى بىلگىنىگە ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن، ئاغزىدا دەيدىغان، ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغانلاردىن قىلمىغىن، ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## غەيرىي ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت — ھىندىستان

ھىندىستان ئومۇمىي نوپۇسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە جوڭگودىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليارد 28مىليوندىن ئارتۇق(2001 - يىللىق مەلۇمات)، بۇنىڭ ئىچىدە ھىندى دىنى ئېتىقادچىلىرى 827 مىليون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن %80 تىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا بۇ دۆلەت ئادەتتە ھىندى دىنى دۆلىتى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندىستان غەيرى ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ھىندونېزىيە(مۇسۇلمانلار 187مىليوندىن ئارتۇق) ۋە پاكىستان(مۇسۇلمانلار 143مىليوندىن ئارتۇق)دىن قالسىلا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولۇپ، ھىندىستاندا 138مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار، مۇسۇلمانلار ئومۇمىي دۆلەت نوپۇسىنىڭ %13.4 دىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئىسلام دىنى ھىندىستاندا 2 - چوڭ دىن ھېسابلىنىدۇ(باشقا دىنلاردىن خرىستىئان، سىق، بۇددا، جىنا دىنىدىكىلەر قوشۇلۇپ ئاران %6 ئەتراپىدا). شۇنداقلا ئىسلام دىنى ھىندىستاندا ئېتىقادچىلىرى كۆپىيىۋاتقان دىن ھېسابلىنىدۇ. 1991 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالدىنقى 10يىلغا قارىغاندا مۇسۇلمانلار سانى %36 كۆپەيگەن. ھىندى دىنى ئېتىقادچىلىرى بولسا %20 كېمىيىپ كەتكەن.

ھىندىستانغا 8 - ئەسىردىن تارتىپ ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان.1206 - يىلى ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقى قۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان. 1526 - يىلى مۇسۇلمان موڭغۇل ئەۋلادى بابۇر موغۇلىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە پۈتۈن ھىندىستانغا (جۈملىدىن ھازىرقى ھىندىستان، پاكىستان، بىنگالغا) ھۆكۈمرانلىق قىلغان.1849 - يىلدىن كېيىن ھىندىستان ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان ۋە 1947 - يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ %90تىدىن ئارتۇقى سۈننىلار بولۇپ، فىقھە جەھەتتە ھەنەفىيە مەزھىبىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئاز ساندا شىئەلەرمۇ بار. ھىندىستاندىكى سۈننىلار ئىچىدە، تەسەۋۋۇپچىلاردىن ئاساسلىقى چىستىيە، قادىرىيە ۋە نەقشىبەندىيە قاتارلىق تەرىقەت تارماقلىرى بار، ھىندىستانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەرىقەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا خانىقالىرى بار.

ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئاساسەن ئوتتار پرادېش شتاتى، غەربىي بېنگال شتاتى، بىھار شتاتى ۋە ئاندۇرا شتاتىغا مەركەزلىكرەك جايلاشقان.

مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن:مەملىكەتلىك مۇسۇلمانلار فرونتى(1983 - يىلى قۇرۇلغان)، ھىندىستان شتاتلىرى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى(ئەسلى نامى پۈتۈن ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بولۇپ، 1948 - يىلى قۇرۇلغان)، ھىندىستان ئىسلام ئۆلىمالىرى جەمئىيىتى، ھىندىستان ئىسلام جەمئىيىتى، پۈتۈن ھىندىستان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، مۇسۇلمانلار فىقھە ئىجتىھاد جەمئىيىتى قاتارلىقلار بار.

ھازىر ھىندىستاندا نەچچە مىڭلىغان مەسچىت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمىي دېھلى جامەسى(16 - ئەسىردە سېلىنغان)، ھەيدەرئابات مەككە مەسچىتى (17 - ئەسىردە سېلىنغان) قاتارلىقلار بار، ھىندىستاندىكى نۇرغۇن مەسچىتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلامى ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ مەدرىسە، بىر مۇنچىلىغان داڭلىق ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ھەم ئىسلام كۇتۇپخانىلىرى، نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى، تەتقىقات ئالىملىرى بار.

بىر مۇنچە مۇسۇلمان زاتلار ھۆكۈمەتتە تۈرلۈك مۇھىم ۋە ئالىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

(ھاجى مەھمۇدى)

# تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى جۇڭگو دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئۈچ ئەرەب دۆلىتىدە زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: مىسىر-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى، سەئۇدى ئەرەبىستانى-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە بەھرەيىن كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو-ئەرەب دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 14 كىشىلىك جۇڭگو دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى باشلاپ، 2004-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى، بەھرەيىندە دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ، جۇڭگو-ئەرەب دوستلۇق جەمئىيىتى 2001-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جەمئىيەت باشلىقىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆمەك باشلاپ زىيارەتكە چىقىشى بولۇپ، يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەت بۇ قېتىمقى زىيارەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە بۇ ئۆمەكنى ئالىي دەرىجىدە كۈتۈۋالدى، بۇ قېتىمقى زىيارەت ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇردى.

زىيارەت جەريانىدا، مىسىر زۇڭلىسى ئەھمەد نەجف، پارلامېنت رەئىسى فاتھى سۇرۇر، مىللىي دېموكراتىيە پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سابىق مۇئاۋىن زۇڭلى يۇسۇف ۋالى؛ سەئۇدى ئەرەبىستانى رىياد رايونىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سالمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سەئۇدى-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە سەئۇدى سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھمان جېرىشى؛ بەھرەيىننىڭ باش ۋەزىرى خەلىفە ئىبنى سالمان ئەل خەلىفە، پارلامېنت رەئىسى خەلىفە ئىبنى ئەھمەد، سودا ۋەزىرى ئەلى ئىبنى سالىھ، سانائەت ۋەزىرى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا فەھرۇ، كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خالىد قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن ۋە سەمىمىي قوبۇل قىلىشى ۋە كۆرۈشۈشىگە مۇيەسسەر بولدى.

تۆمۈر داۋامەت بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ۋېن جياباۋ زۇڭلى ۋە جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇ باڭگونىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى تەرەققىياتى ۋە مىللىي، دىنىي سىياسەتتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ھەم مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى ھەر تەرەپلىمە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى مەدھىيىلىدى ۋە بۇ تەجرىبىلىرىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى، جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگونىڭ ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو-ئەرەب دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنى مەدھىيىلىدى ھەمدە تۆمۈر داۋامەتتىن ۋېن جياباۋ، ۋۇ باڭگو قاتارلىق جۇڭگو رەھبەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە بىر مۇنچە ئۆلكە-شەھەرلەردە زىيارەتتە بولدى ۋە بىر تۈركۈم كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە بىر قىسىم ئورۇنلار بىلەن كەسپىي سۆھبەتتە بولدى. تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار سەئۇدى ئەرەبىستانىدا چېغىدا يەنە مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، ھەرەم مەسچىتىدە زىيارەتتە بولدى.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئەرەب ئەللىرىدە خىزمەت زىيارىتىدە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ئۆمەك باشلىقى، يۈننەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى سۇلايمان ما كەيشيەن، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللېتىپ داموللام مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەردىدىن گو چېنجېن ئۆمەك مەسلىھەتچىسى بولغان 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2004-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە سۇرىيە، ماراكەش ۋە مىسىردا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى سۇرىيەدىكى زىيارىتىدە دۆلىتىمىزنىڭ سۇرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇ شيۇخۇانىڭ ھەمراھلىقىدا سۇرىيە جۇمھۇرىيىتى دىنىي ۋەقفە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى مۇھەممەد زىيادنى زىيارەت قىلدى. ۋەزىر مۇھەممەد زىياد جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سۇرىيەدە زىيارەتتە بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: ”جۇڭگودىن كەلگەن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ سۇرىيەدە زىيارەتتە بولۇشى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە“ دېدى. ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ۋەزىر مۇھەممەد زىيادقا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق سۇرىيەدىكى مۇفتى-ئۆلىمالار ۋە مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرىدىكى مەسئۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئەھۋاللىرى ۋە يېڭى پەتىۋا مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە دەمەشق رايونىنىڭ مۇفتىسى شەيخ بەشىر بارى بىلەن كۆرۈشۈپ، پەتىۋا مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. دەمەشق رايونى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد نەھادنى زىيارەت قىلىپ، سۇرىيەنىڭ ئىمام-خاتىپلارنى باشقۇرۇش، تەيىنلەش، دىنىي ۋەقفەنى ئىشلىتىش، ۋەز-خۇتبە مەزمۇنلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ماراكەشتە زىيارەتتە بولغاندا، ماراكەشنىڭ دىنىي ۋەقفە ۋە ئىسلامىيەت ۋازارىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھا ۋامەن ۋە مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئىشلار ئەربابلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدى. مۇھاۋامەن ئەپەندى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار، ئىمام-خاتىپ، مەسچىت ۋە ۋەز-خۇتبە مەزمۇنلىرىنى باشقۇرۇش مەسىلىلىرى ئۈستىدە سورىغان سوئاللىرىغا قىزغىن جاۋاب بەردى. ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە ماراكەش ئالىي ئىلمىي ھەيئىتى، پادىشاھ ھەسەن II ھەدىس شەرىف دارىلفۇنۇنى، شۇنداقلا ماراكەش قۇرەۋيىين ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۆلىمالار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار بىلەن پەتىۋا مەسىلىلىرى، ھەدىس ئىلمى ۋە تەلىم-تەربىيە ئەھۋاللىرى ئۈستىدە قىزغىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ مول نەتىجىلەرگە مۇۋەپپەق بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى مىسىردىكى زىيارىتىدە مىسىر دىنىي ۋەقفە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلام ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق، ئەزھەرنىڭ بۈيۈك ئىمامى شەيخ مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى، مىسىرنىڭ جۇمھۇرىيەت مۇفتىسى دوكتور ئەلى جۇمە، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد تەييىب، ئەزھەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى دوكتور ئىبراھىم فەييۇمى، ئەزھەر دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات ھەيئىتىنىڭ رەئىسى دوكتور فەۋزى پەزىل قاتارلىق مۆتىۋەر ئۆلىما-شەيخلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ۋەزىر دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ ئىسلام دىنىغا ئاھانەت قىلىنغان خاتا قاراشلارغا رەددىيە بەرگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ دۇنيادا سەككىز خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە، ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، باشقىلارغا

رەھمدىل بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، رەھمدىللىك بىلەن زورلۇق-زوراۋانلىق بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسە، دېدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزھەرنىڭ باشقا مۆتىۋەر شەيخ-ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشكەندە يېڭى پەتىۋا مەسىلىلىرى، دىنىي ئەھكاملار ئۈستىدە يېڭى ئىلمەلەرگە ئىگە بولدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد تەييىب بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەزھەرنىڭ جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقانلىقىغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە ئەزھەردە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى، ئۇلارنى بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قەدىرلەپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى مەزكۇر ھەيئەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسلام ئەللىرىدە ئېلىپ بارغان تۇنجى زىيارىتى بولۇپ، بۇ قېتىملىق زىيارەت ئارقىلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، ناھايىتى مول ئۇچۇرلارغا مۇيەسسەر بولدى.

(ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي باشچىلىقىدىكى 5كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 8-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولۇپ، 2005-يىللىق ھەج خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. جىددە مۇبارەك ۋە مەككە مۇكەررەمەدە ھەج ۋازارىتىنىڭ نايىپ باشلىقى ھەتىم قازى، سەئۇدى ئاپتوموبىل باش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد زەكەرىيە، شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ھەجگە يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى ياسىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج خىزمىتى بىرلەشمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى فارۇق ئابزەيدى قاتارلىقلار بىلەن كېلەر يىللىق ھەج خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «2005-يىللىق ھەج خىزمىتى سۆھبەت خاتىرىسى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەرنى ئىمزالاشتى. كېلىشىمگە ئاساسەن، جۇڭگو دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2005-يىلى 5500 نەپەر جۇڭگولۇق مۇسۇلماننى ھەجگە ئۇيۇشتۇرىدىغان بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە مەككە مۇكەررەمەدە جۇڭگولۇق ھاجىلار ياتىدىغان بىنالارنى كۆزدىن كۆچۈردى ۋە بېكىتتى، ياتاق شارائىتى ئۆتكەن يىلدىن ياخشى بولدى(سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىشىچە، 2006-يىلى ھەربىر ھاجىنىڭ ياتىدىغان ئورنى ئەسلىدىكى 3كۋادرات مېتىردىن 3.5 كۋادرات مېتىرغا، 2007-يىلى 4كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلىدىكەن، ھەربىر ھاجىنىڭ ھەج مەزگىلىدىكى ياتاق باھاسىمۇ ئۆسىدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئايروپورتتا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىشىغا يول قويۇلمايدىكەن). ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇھەممەد ئابۇدى، خەلقئارالىق يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى رەھمىتۇللا ئەنەيتۇللا قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. دۇنيا ئىسلام بانكىسىنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام بانكىسى ئالاھىدە ياردەم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد ھەسەن سەلىم قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.

## جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆمىكى مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: مىسىر ۋەقفە ۋە ئىسلامىيەت ۋازارىتى ۋە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جىائىسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىبراھىم ۋۇ يىيې باشچىلىقىدىكى 18كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆمىكى 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا 15كۈنلۈك زىيارەتتە بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، دۆلەتلىك دىن

ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ، جياڭسۇ، نىڭشيا، خېبېي، خۇبېي، خۇنەن، لياۋنىڭ، جىلىن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىسلام جەمئىيىتى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇسۇلمان كارخانىچىلاردىن تەركىب تاپتى. ئۆمەك ئەزالىرى مىسىرنى زىيارەت قىلغاندا، مىسىر ۋەقفە ۋە ئىسلامىيەت ۋازارىتىنىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل 1-مۇئاۋىن ۋەزىرى دوكتور مۇھەممەد زەيدانى، ئەزھەر شەيخىنىڭ ياردەمچىسى مەھمۇد ئەمىن ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور ئابدۇدائىم نۇسەيرلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ھۇسەيىن جامەسىنى ھەم ئېھرام مۇنارىسى قاتارلىق ئاسارئەتىقىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شەيخ مۇھەممەد ئابۇدى ۋە دۇنيا ئىسلام بانكىسىنىڭ باشلىقى دوكتور ئەلى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مەككە مۇكەررەمەدە ھەرەم مەسچىتىدە ئۆمرە ھەج تاۋاپ قىلدى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ، پەيغەمبەر مەسچىتى قاتارلىق مەشھۇر مەسچىت ۋە ئاسارئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدى.

## دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جەمئىيىتىمىز تەكلىپىگە بىنائەن، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ئالاھىدە ياردەم ئىشخانىسىنىڭ جۇڭگودىكى ياردەم تۈرلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېرلىرى ئەلى سىراج ۋە ئابدۇرېھىم سەمىر ۋۇرتانىلاردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 9-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، خېبېي، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا قاتارلىق جايلىرىدا 8 كۈنلۈك خىزمەت زىيارىتىدە بولدى. زىيارەت داۋامىدا، ئىسلام بانكىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ يەرلەردە قۇرۇلغان "ئۈممە مەكتىپى"، ئىسلام دارىلفۇنۇنى، "مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتىپى" قاتارلىق مائارىپ تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. جەمئىيىتىمىزنىڭ يوللىشى بىلەن ئىسلام بانكىسىنىڭ ياردىمىدە بۇ جايلاردا قۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان ئىسلام دارىلفۇنۇنى، مۇسۇلمانلار داۋالاش مەركىزى، مۇسۇلمانلار كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قاتارلىق تۈرلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە قۇرۇلۇپ بولغان ۋە قۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان تۈرلەر قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىجابىي تەكلىپ-پىكىرلەرنى بەردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا ۋاقتىدا يەنە سەندۇڭ، خۇنەن، خېنەن، سەنشى قاتارلىق جايلاردىكى ياردەم تۈرلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بۇ يەردىكى ياردەم تۈرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بېرىۋاتقان خالىسانە ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئۆمەك شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۆمەكتىكىلەر جايلارغا بارغاندىمۇ، يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇلارنى قىزغىن، دوستانە قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى.

# رامىزانلىق پائالىيەتلەر

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇبارەك رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن 2004-يىل 11-ئاينىڭ 2-كۈنى بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى. رامىزان مەزگىلىدە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ باش ئەلچىلىرى، ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئەلچىلەر ئۆمىكى قاتارلىقلارمۇ ئەلچىخانا ياكى مېھمانخانىلاردا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىپتارلىق ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنى چىللىدى. ئاخىرىدا ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى 2004-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى (قۇددۇس كۈنى، يەنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنى) ئىپتارلىق بەردى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، شەمشىددىن ھاجى قاتارلىقلار ئىپتارغا داخىل بولدى.

## مىسىرلىق قارىيلار مەملىكىتىمىزدە رامىزانلىق قىرائەت قىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مىسىرلىق قارىي مەھمۇد ۋە تەبلىغچى مۇستافالار ھىجرىيە 1425-يىللىق مۇبارەك رامىزان ئېيىدا مەملىكىتىمىزگە كېلىپ رامىزاننى مۇبارەكلىدى ۋە 2004-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە بېيجىڭ، لياۋنىڭ، خېبېي قاتارلىق جايلاردا قىرائەت ۋە رامىزانلىق ۋەز-تەبلىغ ئېلىپ بېرىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە تالىپلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 يىلدىن بېرى ھەر يىلى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا مىسىرلىق قارىي ۋە تەبلىغچىلەرنى مەملىكىتىمىزگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، مەسچىت ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدا قىرائەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىۋاتىدۇ.

## جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلارنىڭ رامىزانلىق پائالىيىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** مۇبارەك رامىزان ئېيىدا تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە رامىزانلىق دىنىي پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تالىپلارنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ، دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ كامىل ئادا قىلىنىشىغىمۇ تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يىل رامىزان كىرگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى تالىپلارنىڭ كۈندىلىك دەرسىنى تەڭشەپ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن تالىپلارنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا ۋە ۋاقتىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاشخانا خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ھەر بىر تالىپقا كۈنىگە 10 نەچچە يۈەندىن تاماق پۇلى قوشۇپ بېرىپ، تالىپلارنىڭ زوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق تاماق ھەم مېۋە-چېۋە تەمىناتىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇپ بەردى. بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا ئىبادىتىنى تولۇق ۋە ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ رامىزان ئېيىدا مىسىرلىق قارىي ۋە رامىزان تەبلىغچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، قىرائەت ۋە تەبلىغ پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ قىرائەت ۋە ئەرەبچە تىل سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى؛ رامىزان ئېيىدا ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاش ۋە مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى، جۈملىدىن ئىككى شىنجاڭ سىنىپىدىن 13 نەپەر تالىپ ئوقۇش مۇكاپاتى ئالدى؛ تالىپلارنىڭ ھەر ئاخشاملىق تەراۋىھ پائالىيىتىمۇ مول ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تالىپلار روزا رامىزاننى ساق-سالامەت ۋە تولۇق تۇتۇپ، روزا پەرزىنى كامىل ئادا قىلىشالدى.

## مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر تالىپلارغا ئىپتارلىق بەردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** بېيجىڭدا ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن يېڭسارلىق تىجارەتچى ئابلىمىت مۇھەممەد ئىمىن ھاجى رامىزاننىڭ 17-كۈنى (10-ئاينىڭ 31-كۈنى) 7 دانە قوي، 6 يەشىك مۇناقى ئۈزۈم، 6 يەشىك كورلا نەشپۈتى، 200 دانە نان ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. بېيجىڭدىكى خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، خوتەن لوپلۇق تىجارەتچى ئەلى ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلارمۇ رامىزاننىڭ 29-كۈنى (11-ئاينىڭ 12-كۈنى) 6 دانە قوي، 6 يەشىك مۇناقى ئۈزۈم، 6 يەشىك كورلا نەشپۈتى ۋە 170 دانە نان ئېلىپ كېلىپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. بېيجىڭدا ناۋايلىق قىلىۋاتقان ئېزىز ھاجىمۇ رامىزاننىڭ 13-، 14-كۈنلىرى تالىپلارنى ئاشخانىغا چىللاپ ئىپتارلىق بەردى. تالىپلارمۇ رامىزانلىق ئىبادىتىدە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** بۇ يىل 8-ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى ۋە ئەمەلىي ئۆگىنىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. يىغىنغا مەزكۇر ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش جەھەتتە نەتىجىسى زورراق بولغان ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت ھاجى قاتارلىقلار يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

شەمشىدىن ھاجى ئۆز سۆزىدە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان بۇ ژۇرنالغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە تارماقلارنىڭ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ قوللاپ كەلگەنلىكى ۋە ژۇرنالنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ژۇرنالنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى، نەچچە يىلدىن بېرى ژۇرنالنىڭ رولى ياخشى بولۇپ جەمئىيەتتە قارشى ئېلىنىۋاتقانلىقى ۋە تىراژىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ژۇرنال خىزمىتى ھەققىدە كونكرېت تەكلىپ ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەلئەت ھاجى شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، ژۇرنالنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنالغا تىراژ توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكىرلىرىنى بايان قىلدى. ھاپىز نىياز ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: **"مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىغىننى ئاچقانلىقى ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنى ئىشلار خىزمىتىنى قوللىغانلىقى ۋە خىزمىتىمىزگە بەدەت بەرگەنلىكى. شۇڭا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئىسلام دىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇملۇقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان دىن. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى بولسا، ئىسلام دىنى ساھەسىدە دىنى ئەقىدىلەرنى ھەقىقىي تۈردە توغرا چۈشەندۈرىدىغان، دىنىي تەرغىباتتا مۇھىم رول ئوينايدىغان نەشر ئەپكارى، بۇ ژۇرنالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىجابىي تەسىرى ۋە رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ژۇرنال زور يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ دىنىي سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن دىنىي زاتلار ژۇرنال ئارقىلىق ھەقىقىي دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ. شۇڭا ژۇرنالنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ژۇرنالنىڭ تىراژ توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىزنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. شۇڭا ژۇرنالنى تارقىتىشنى ئۆزىمىزنىڭ مۇھىم خىزمىتى دەپ قارىشىمىز لازىم. ژۇرنالنىڭ تىراژىنى كۆپەيتىش، تەسىرىنى كېڭەيتىشتە، ژۇرنالنىڭ رولىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم ھالقا. رەھبەرلىكنىمۇ، ئاممىنىمۇ ئۆزىمىز بېرىپ ئىزدەيلى. ژۇرنال خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ژۇرنالنىڭ جەمئىيەتتە بولغان رولىنى كېڭەيتسەك، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆزىمىزنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان بولىمىز. ئاخىرىدا، ژۇرنالنىڭ ساپاسىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىنى، تەسىرىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى، تىراژىنىڭ يەنىمۇ كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىمەن".**

يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قارىقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ژۇرنال خىزمىتىنى ئىشلەش جەھەتتىكى ئۆلگىلىك

تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. يىغىن ئەھلى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن قىزغىن مۇزاكىرە قىلىپ، ژۇرنال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تىراژ توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ئىجابىي ۋە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بەردى. يىغىن ئاخىرىدا 2004-يىللىق ژۇرنال خىزمىتىدە شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە شەرەپلىك ناھىيە(شەھەر) بولۇپ باھالانغان قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى ھەم يەكەن ناھىيىسى، كونا شەھەر ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى تۇرپان شەھىرى، پوسكام ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، كورلا شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

يىغىن ئەھلى يىغىننىڭ داۋامى سۈپىتىدە سايرام، قورغاس، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، مايتاغ رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى ۋە ئىلى ئوبلاست، بورتالا ئوبلاست، قورغاس، غۇلجا، كۈنەس، قاراماي قاتارلىق ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ جايلاردىكى ئاسارئەتىقە، مەسچىت، سانائەت، سەيلە ساياھەت ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن ئەھلى شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

## شەمشىدىن ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەت زىيارىتى قىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى ئۇرۇمچىدە ژۇرنال خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ ۋە يىغىن ئەھلىنى باشلاپ غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئەمەلىي ئۆگىنىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 2004-يىل 8-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت-ئوبلاستلارغا بېرىپ، يەرلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەسئۇللىرىنىڭ شۇ جايلاردىكى ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە ئىسلام دىنى خىزمىتى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىدى؛ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا 20 نەچچە مەسچىت ۋە بەزى مازارلارنى كۆزدىن كەچۈردى؛ بىر مۇنچە ناھىيىلەردە مەشھۇر دىنىي زاتلار بىلەن 10 نەچچە رەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىدىكى ياخشى ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى ۋە يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي زاتلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ جايلاردىكى بىر تۈركۈم مەشھۇر دىنىي زاتلارنى يوقلاپ ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى؛ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ جامائەتكە باشلامچى بولۇپ، ئاممىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەش يولىدا كۆرسەتنۋاتقان تىرىشچانلىقىغا مەدەت بەردى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر ئاچقان ھەم بىر مۇنچە ئىشسىز مۇسۇلمانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بەزى كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ بىر قانچە جايلاردىكى دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش ئەھۋالى، ئوقۇتۇش پىلانى، دەرس مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ھەمدە دىنىي زاتلاردا تەربىيىلىنىۋاتقان تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى ۋە تالىپلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم تالىپلارنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ ئۇلارنى خاتىرجەملەندۈردى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ۋە بۇ ژۇرنال توغرىسىدىكى پىكىر-تەلەپ ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

# ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

◆ **يوپۇرغا** ناھىيە تېرىم يېزىسىدىكى تەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان تېرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كومپيۇتېر ئىئانە قىلىش مۇراسىمى 2004-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى مەزكۇر مەكتەپتە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ۋە يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ھەم بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 400 كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن سۆز قىلدى ھەم بۇ 10 يۈرۈش كومپيۇتېرنى مەكتەپ مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ قېتىم ئىئانە قىلىنغان 50 مىڭ يۈەنلىك بۇ 10 يۈرۈش كومپيۇتېرنى شياڭگاڭ مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئىئانە قىلىشنى ھاۋالە قىلغان. (ياقۇپ ھاجى)

◆ **شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى** دىنىي زاتلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى 2004-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك 3 دېۋىزىيىدە(قەشقەردە) داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى دېۋىزىيە، تۇەن-مەيدانلىرىدىن كەلگەن 28 ئىمام-خاتىپ قاتناشتى. بىڭتۇەن مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن، يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى زۇنۇن ياسىن، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابلەت مۇھەممەت ۋە ھەر قايسى دېۋىزىيىلەرنىڭ مىللەت-دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبەرلىرى مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق 8-دېۋىزىيىدىن ئوسمان مۇھەممەد بىرىنچىلىككە، 3-دېۋىزىيىدىن ئابدۇراخمان داۋۇت، مەمەت ئىمىن ئەبەي، 12-دېۋىزىيىدىن ئەنۋەر گايىت ئىككىنچىلىككە؛ 1-دېۋىزىيىدىن تۇرغۇن ھاجى، 3-دېۋىزىيىدىن ئېلى يۇنۇر، 4-دېۋىزىيىدىن ئابدۇكېرىم ئىسمائىل، 13-دېۋىزىيىدىن ئەسئەت قاسىم، 14-دېۋىزىيىدىن مەمەت ئېلى ئابدۇلباقى، نۇرئەخمەت سېيىت ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. نەتىجىگە ئېرىشكەن 10 ئىمام-خاتىپ ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. (ئۆمەر يۈسۈپ، نۇرمەمەت مامۇت)

◆ **تۇرپان** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 5-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2004-يىلى 8-ئاينىڭ 31-كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار خىزمەت يىغىنلىرىنىڭ روھى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2004-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى لايىھە مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز)

◆ **سانجى** خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىلى 8-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە سانجى شەھىرىدە 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇسابىقە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۈچ تىلدا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوبلاستقا قاراشلىق بەش ناھىيە، ئۈچ شەھەردىن تاللانغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ قاتارلىق 6 مىللەتتىن 45 ياشتىن تۆۋەن 54 ئىمام قاتناشتى. ئىماملارنىڭ سۆزلىگەن ۋەز-تەبلىغلىرى ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى مۇسابىقىدا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئون نەپەر ئىمامنى تەقدىرلەش بىلەن بىرگە، ئىككى ناھىيە، ئىككى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە «ياخشى تەشكىللىگۈچى» مۇكاپاتى، مۇسابىقىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن سەككىز نەپەر مۇسۇلمان كارخانىچىغا «خالىس ياردەم بەرگۈچى» مۇكاپاتى تارقاتتى. (ئىسمائىل سوپى)

◆ **يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆلچەملىك قىرائەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن 10-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە ۋەز-تەبلىغ ۋە قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يېزا-بازارلار نەچچە ئاي تەييارلىق قىلىپ يوللىغان 63 نەپەر ۋەز-تەبلىغ ماھىرى ۋە 35 نەپەر قىرائەت ماھىرىدىن تاللاش مۇسابىقىسى ئارقىلىق 19 نەپەر ۋەز-تەبلىغ ماھىرى ۋە 21 نەپەر قىرائەت ماھىرى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ھەر تۈر بويىچە ئىككىدىن ماھىر بىرىنچىلىككە، ئۈچتىن ماھىر ئىككىنچىلىككە، تۆتتىن ماھىر ئۈچىنچىلىككە ئېرىشىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، قالغان 22

نەپەر ماھىرغا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىلدى. مۇسابىقە يىغىنىغا دىنىي زاتلار، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى، قوشنا ناھىيە-شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى، يەكەن ناھىيىسى رەھبەرلىرى، يېزا، بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋە جەمئىيەتتىن تەكلىپ قىلىنغان ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. (ئىمىن تۇرسۇن)

◆**قەشقەر** شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 8-ئاينىڭ 24-كۈنى شەھەرلىك دىنىي مەكتەپتە ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار قاتناشتى. 4 كوچا باشقارما ۋە 4 يېزىدىن جەمئىي 12 ماھىر ۋەز-تەبلىغ قىلىپ، تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى بىلەن 6 ماھىر مۇكاپاتلاندى. بۇلاردىن ئالدىنقى 3 دەرىجىگە ئېرىشكەن ئابلەت قارىم، ئەمەت قارىي ھاجىم، ئىمام ھەسەن قارىم، ھاجى مەخسۇم ھاجى قاتارلىق 4 ماھىر ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگە تاللاندى.

(نىجات غوپۇر)

◆**ئاقسۇ** شەھەرلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2004-يىل 10-ئاينىڭ 11-، 12-كۈنلىرى ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا جەمئىي 108 ۋەكىل قاتناشتى. ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ۋەكىللەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 31نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. 3-نۆۋەتلىك 1-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا 16 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە 5 نەپەر ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى. ئابلىكىم ئۆمەر داموللا ھاجى جەمئىيەت رەئىسلىكىگە، ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسلىككە، گۈلشەن مۇھەممەد قارىھاجى، ئەخمەت مەتنىياز داموللا ھاجى، مۇھەممەد ئىبراھىم قارىي ھاجى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ماقۇللاندى. (ئابدۇخالىق ئالىم)

◆بۇ يىل 10-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېچىلغان **باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھەم ناھىيىلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئاچقان دىن خىزمىتىگە دائىر يىغىنلارنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈش بىلەن بىرگە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا 2004-يىللىق تىراژ توپلاش خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە 2005-يىللىق مۇشتەرى توپلاش-ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (تۇخان تۇردى)

◆**پوسكام** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، پوسكام بازارلىق ھۆكۈمەت 9-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە 20 نەپەر دىنىي زاتنى خوتەن ۋىلايىتىگە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللىدى.

◆**گۇما** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرى يەكۈنلەندى. تالىپلارنى تۇراقلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش، يېتەكلەش خىزمىتى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (ئابدۇلئەھەد ئالىم)

◆**گۇما** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يېقىندا يېزا-بازارلاردىن كەلگەن ماھىرلارنى قاتناشتۇرۇپ ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى كۆرۈشكە 120 نەپەردىن ئارتۇق دىنىي زات ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاتناشتى. ئاخىرىدا ۋەز-تەبلىغ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 6 نەپەر دىنىي زات مۇكاپاتلاندى.

(ئابدۇلئەھەت ئالىم)

◆**تۇرپان** شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق ئەزالار يىغىنى 2004-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ ئۆگىنىش قىلىندى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ئېلى نەمتۇل 2-سانلىق ئەزالار يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزامنامىسى ۋە شەھەردىكى دىنىي ساھەگە چىقارغان ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. (شاھمەردان ئىمىنىياز)

## ئىسلام مائارىپى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: جۇڭگو-مىسىر ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 15 نەپەر جۇڭگولۇق مۇسۇلمان تالىپلارنى تاللاپ، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ۋە يەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدىكى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئۆگىنىشتە ئەلاچى تالىپلار بولۇپ، مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئىمتىھان ئېلىپ تاللىشىدىن ئۆتكەن. بۇ تالىپلار 2004-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى مىسىرغا بېرىپ ئوقۇش باشلىۋەتتى. ئۇلار مېڭىشتىن ئاۋۋال جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى 5 نەپەر

ۋەزىپىدىكى ئىمامنى، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۈرۈمچىدىن ھەبىبۇللا داموللا ھاجى، خوتەندىن ئابدۇلھەمىد داموللا ھاجى قاتارلىقلارنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3 ئايلىق ئىماملار كۇرسىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلارمۇ ئوقۇشنى ئوتتۇقلۇق تاماملاپ، رامىزان ئالدىدا ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

◆**قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى 2004-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى 14-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەكتەپتىكى مۇدەررىس-تالىپلار بولۇپ 160تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 تالىپنىڭ 3 يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسە قىلىندى ھەمدە ئۇلارغا شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى، 6 نەپەر ئۆچتە ياخشى تالىپ، 3 نەپەر ئىلغار مۇدەررىس ماددىي بويۇم ۋە لەۋھە بىلەن تەقدىرلەندى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تالىپلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتقاندىن كېيىن شۇ يەردىكى ئىمامى يوق مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. (ياقۇپ ھاجى)

◆**قەشقەر** ۋىلايىتى بۇ يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈندىن 19-كۈنگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي مەكتىپىگە تالىپ قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىپ، لاياقەتلىك بولغانلاردىن 50 تالىپ قوبۇل قىلىندى. بۇ تالىپلار ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيە(شەھەر) دىكى ئىمامى كەم يېزا-بازارلاردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، مەكتەپتە 3 يىل ئوقۇيدۇ. (ياقۇپ ھاجى)

◆**ئاقسۇ** شەھىرى دىنىي زاتلار ئۆزۈكچىلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2001-يىلى ۋە 2003-يىلى سىناق ئارقىلىق 46 نەپەر ياشنى تاللاپ، 15 نەپەر خاتىپ-ئىمامغا 3 يىللىق مۇددەت بىلەن تەربىيىلەشكە بەرگەنىدى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 7-ئاينىڭ 22-كۈنى بۇ تالىپلارنى لەنگەر چوڭ خانىقاسىغا يىغىپ بىر ئايلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.كۇرسقا قابىل يېتەكچىلەر ۋە ئۇستازلار تەكلىپ قىلىنىپ دەرس سۆزلەندى. كۇرس ئاخىرىدا دەرسلەردىن يېزىقچە ئىمتىھان ئېلىنغاندىن باشقا دىنىي دەرستىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى شەكلى ئارقىلىق نەتىجە باھالاندى ۋە 1-قارارادا قوبۇللانغان ئىزباسار تالىپلارنىڭ ئىمام بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلدى. (ئوبۇلقاسىم ئەمەت)

◆**پوسكام** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاساسىي قاتلاملاردا ئايال مېيىت يۇغۇچى كەم بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن 6-ئاينىڭ 7-كۈندىن 7-ئاينىڭ 8-كۈنگىچە ناھىيە بويىچە يېزا(بازار)لارنى بىرلىك قىلغان ئاساستا 8 نۇقتىدا ئايال مېيىت يۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ھەر قايسى(يېزا(بازار)لاردىن كەلگەن 157 نەپەر ئايال قاتناشتى. كۇرسانتلار بۇ جەرياندا مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەش قائىدىلىرى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتنى سىستېمىلىق ئۆگەندى، شۇنىڭدەك نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولدى.

(ياقۇپ ھاجى)

◆**باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي كەسپىي خادىملار كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2001-يىلدىن باشلاپ دىنىي زاتلار تالىپلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن بېرى، 2003-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە تالىپ تەربىيىلەش نۇقتىسى 14 كە، بۇ نۇقتىلاردا ئوقۇۋاتقان تالىپلار 41 گە يەتتى. بىراق مۇدەررىسلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى، تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن تالىپلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىدە زور پەرقلەر ساقلىنىپ كەلدى. تالىپلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يىل 9-ئاينىڭ 14-كۈندىن 24-كۈنگىچە تالىپلار كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 39 تالىپ، 14 مۇدەررىس، 4 ئىسلام ئۆلىماسى قاتناشتى. كۇرس ئاياغلاشقاندا تالىپلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 87 پىرسەنتكە يەتتى. (تۇخان تۇردى)

◆ **گۇما** ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار تەربىيىلەۋاتقان تالىپلارنى يىغىپ ئوقۇتۇش كۇرسى 9-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلاندى. كۇرسقا تالىپ تەربىيىلەۋاتقان دىنىي زاتلار، تالىپلار، يېزا-بازارلارنىڭ دىن ئىشلىرى كادىرلىرىدىن بولۇپ 80دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. كۇرس 15 كۈن داۋام قىلدى. (ئابدۇلئەھەد ئالىم)

◆**مەكىت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇنجى قارارلىق 3 يىللىق مۇددەت بىلەن قوبۇل قىلىنغان تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 10تالىپنىڭ 3يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى ھەمدە ئۇلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ تالىپلار 3 يىل جەرياندا 70 پىرسەنت دىنىي دەرس، 30 پىرسەنت سىياسەت، قانۇن-نىزام، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەندى، بۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ ئىمام، خاتىپى يوق مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

(ئابدۇرىشىت ۋاسىل)

◆قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى 5 دىنىي زات تەربىيىلىگەن 14 تالىپقا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، بۇ تالىپلار 2001-يىلى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، دىنىي زاتلاردا 3 يىل نۇقتىلىق تەربىيىلەندى.

(ياقۇپ ھاجى)

# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

◆**مەكىت** ناھىيە مەكىت بازىرى يېڭى مەھەللە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى 33ياشلىق **ئابدۇمۇمىن قارىھاجى توختى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلمىي ئۇسۇلدا بورداقچىلىق قىلدى، ئۇنىڭ قوتاندىكى قويى 300 تۇياقتا يېتىپ، مۇقىم مۈلكى 300مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئۇ ئۈچ خىل دەۋرگە ماسلىشىش ئۈچۈن بىر كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ، بازار ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مال بورداش تېخنىكىسىغا ئائىت تۈرلۈك تېخنىكىلارنى ئۆگەندى ۋە باشقىلارغىمۇ ئۆگەتتى. ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق يېڭى مەھەللە تەۋەسىدىكى يېتىم يېسىر، قىيىنچىلىقى ئېغىر 14نامرات ئائىلىگە 1999-يىلدىن بۇيان 17 مىڭ 500يۈەنلىك(35تونىنا) كۆمۈر، ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن 6300يۈەنلىك(4500كىلوگرام) ئاق ئۇن، 4200 يۈەنلىك(840كىلوگرام) سۇ يېغى، قىشلىق، يازلىق كىيىم-كېچەك ئۈچۈن 2800يۈەنلىك 70قۇر كىيىم ئېلىپ بەردى ۋە ھېيت بايراملاردا 5040يۈەنلىك(420كىلوگرام) گۆش تارقىتىپ بەردى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا 1500يۈەن، مېيىپلارغا 1750يۈەن، مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىغا 3500يۈەن ئىئانە قىلغاندىن باشقا مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن مەكىت بازىرىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 11مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. (توختى ئاۋۇت)

◆**پەيزاۋات** ناھىيە ئۆردەكلىك يېزىسىدىكى15 دىنىي زات ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەر-ۋىلايەتلەرگە ئۆزلۈكىدىن بېرىپ پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئۆگەندى، ھازىر بۇ يېزىدىكى 39 دىنىي زاتنىڭ 14 نەپىرى باقمىچىلىق، تىجارەت بىلەن، 24 نەپىرى دېھقانچىلىق بىلەن، بىر نەپىرى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇلاردىن بىرى 100مىڭ يۈەنلىك ئائىلە، ئۈچى 50مىڭ يۈەنلىك ئائىلە، 11 نەپىرى 30 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە، 24 نەپىرى 10مىڭ يۈەنلىك ئائىلە گە ئايلاندى. ئالدىن بېيىغان بۇ دىنىي زاتلار ئۆز يېزىسىدىكى يېتىم-يېسىر، نامرات ئائىلىلەرگە 5940يۈەن نەق پۇل، 5372يۈەنلىك ئاشلىق، كۆمۈر ياردەم قىلدى، 3 ئائىلىگە 12 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بەردى. كەنت يولىدىكى 5 ئورۇنغا بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

◆**قەشقەر** شەھىرى نەزەر باغ يېزا 2-كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئىمام قارىي ھاجى** كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن بۇيانقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپلارغا 1500يۈەن پۇل ياردەم قىلدى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىككى ئائىلىگە 40 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئىككى دۇكان ئېلىپ بەردى، كېسىلى ئېغىر بىر بىمارغا 7000يۈەن پۇل بېرىپ داۋالاپ ساقايتقۇزدى، كەنتنىڭ 500مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولىنى 30 نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ قاتتىقلاشتۇرۇپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

◆**يەكەن** ناھىيە ئاۋات بازار جامى مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئابلىز بارات ھاجى** ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئۆز ئائىلىسى ۋە يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشنى، بىلىملىكلەرنى قەدىرلەشنى مۇھىم دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىنى مەرىپەتكە يېتەكلىدى. چوڭ ئوغلىنى ئۈرۈمچىدە، ئىككىنچى ئوغلىنى قەشقەردىكى ئالىي مەكتەپتە، ئۈچىنچى ئوغلىنى يەكەن قوش تىل مەكتىپىدە ئوقۇتتى؛ پەرزەنتلىرىنى 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپتىن قاچۇرۇپ، يېرىم يولدا مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئاتا-ئانىلارغا داۋاملىق تەربىيە بېرىپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە قايىل قىلدى. ئۇ چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا كىشىلەرگە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا باغلاپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىلىم-مەرىپەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئىگىلەشكە، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان ھۆددە يەرلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىپ ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق قىلىپ پايدا تاپتى، ئۆتكەن يىلى دېھقانچىلىقتىن 30 مىڭ يۈەن، باغۋەنچىلىكتىن 2000 يۈەن، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقتىن 3000 يۈەن كىرىم قىلدى، ھويلا-ئاراملىرىنى زامانىۋى تۈسكە كىرگۈزدى، 15مىڭ يۈەنگە ئىككى پارنىك ياساتقۇزدى. ئۇ بېيىغاندىن بۇيان ئىلگىرى-ئاخىر 100ئادەم قېتىم نامرات ئائىلىگە 15مىڭ يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، كىيىم-كېچەك، گۆش-ياغ، گۈرۈچ، كۆمۈر ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە سۇندى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇلىرى رېئاللىققا ئايلاندى. ئابلىز بارات ھاجى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان 20 نەچچە يىلدىن بېرى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ياراتقان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا بويىچە ئىلگىرى-ئاخىر 20 قېتىمدىن ئارتۇق تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. (مەھەممەت مۇسا)

◆**تۇرپان** شەھىرى ئاستانە يېزا ئاۋات مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئابدۇللا شەمسى ھاجىم** بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن ھەر يىلى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئاجىز يېتىم-يېسىرلارغا 5000يۈەن ئەتراپىدا پۇل ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلالمىغان ئائىلىلەرگە بىر قانچە قوي ياردەم قىلىپ كەلدى. ئۇ ھەر يىلى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا 40 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى، يېزىنىڭ يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3000 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۆز يېنىدىن 1000 يۈەن چىقىرىپ ئۆز مەھەللىسىدىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆۋرۈكنى ياساتقۇزدى، 17 ماشىنا شېغىل ئەكىلىپ مەھەللە يولىنى ئوبدان ياساپ قويدى. (شاھمەردان ئىمىنىياز)

◆كىرىيە ناھىيىسى يېزىسى ئارىش مەھەللىسى ئاھالىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاران 922 يۈەن كېلىدىغان چەت بىر مەھەللە. بۇ يىل 6-ئايدا بۇ مەھەللىدىكى يىللىق كىرىمى 800 يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان بىرەيلەننىڭ 16 ياشلىق قىزىنىڭ يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئارىش جامەسىنىڭ خاتىپى **ئابدۇرېشىت سادىق** جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ 3700يۈەن يىغىپ بىمارنىڭ دادىسىغا ئەكىلىپ بەردى. بىمارنىڭ دادىسى تەسىرلىنىپ: مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت، ھۆكۈمەت تەربىيىلىگەن دىنىي زاتلارغا رەھمەت دېدى.

(ئەنۋەر ئىمىن)

◆**پەيزاۋات** باش مەيدان 7-لىيەندىكى بىر دېھقاننىڭ ئايالى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئىقتىسادتىن قىيىنىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئابلىمىت راخمان** ئۆز يېنىدىن 2000يۈەن ياردەم قىلدى. (ئاسىمگۈل ئايۇپ)

◆**بىگتۇەن** يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 52-تۇەن 2-لىيەندىكى دىنىي زات **غوپۇر قارىي ھاجىم** تۇمشۇق شەھىرى قۇرۇلۇشى داۋامىدا شەھەر پىلان رايونى ئىچىدىكى «ئۈزۈم قۇم» مەقبەرىسىدىكى جەسەتلەرنى يۆتكەش ۋە 560تىن ئارتۇق ئائىلىنى كۆچۈرۈپ، يېڭى مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، تۈەن دائىرىسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلارغا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلەپ، تۇمشۇق شەھىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سىجىل ۋە ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. (مەتتىمىن يۈسۈپ)

◆ **ئاقتۇ** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ئۆزمەقونساق جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئىسمائىل مەخسۇم ھاجى** باشچىلىقىدا يېزا تەۋەسىدىكى 19 نەپەر جۈمە مەسچىت خاتىپى1905يۈەن نەق پۇل توپلاپ، يېزىدىكى قىيىنچىلىقى بار 40 ئائىلە، 127 نوپۇسنى ھەمكارلىق داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇپ، داۋالىنىش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. (سىيىت ئەمەت)

◆**پوسكام** ناھىيە سەيلى يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار باشلامچى بولۇپ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئۆي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندىن باشقا شۇ يېزا تەۋەسىدىكى 68 نەپەر دىنىي زات 2685 يۈەن ، مەسچىت 6050يۈەن تەييارلاپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا خالىس ئىئانە قىلدى. يەنە تۇغچى يېزىسىدىكى دىنىي زاتلارمۇ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 8 خالتا ئۇن، 360يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

◆بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان **پوسكام** ناھىيىسى دىنىي زاتلارغا پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولۇش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە 2004-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى دىنىي زاتلارنىڭ 1-قېتىملىق قوغۇن ئۆستۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 100 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى، 17 نەپەر دىنىي زات مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى، نەتىجىدە 4 نەپەر دىنىي زاتنىڭ قوغۇنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-، 2-، 3-دەرىجىگە ئېرىشتى ۋە نەق مەيداندا مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجى)

◆**يېڭىسار** ناھىيە تويلۇق يېزىسى يېزا بويىچە دىنىي زاتلارنى مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىشقا، بازارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىشقا ۋە ئىش-ئىزلىرى بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىدىكى ئاممىغا ئۈلگە بولۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي زاتلار ئىچىدە پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئۆگىنىپ ھالال ئىشلەپ ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. 12 نەپەر دىنىي زات باقمىچىلىق، بورداقچىلىق، قاسساپلىق بىلەن، 8 نەپەر دىنىي زات تىجارەت بىلەن، 16 دىنىي زات دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بېيىش يولىغا ئاتلاندى. 7 دىنىي زات ئۆز ئورنىدىكى بېيىش باشلامچىلىرىغا ئايلاندى. 34 دىنىي زات بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە يېزا تەۋەسىدىكى نامرات، يېتىم-يېسىر، كېسەل، مېيىپ، قىيىنچىلىقى بار124 ئائىلىگە 1320يۈەن نەق پۇل، 540كىلوگرام ئورۇقلۇق قوناق، 210كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 7310كىلوگرام بۇغداي ياردەم بەردى. (ھەسەن ئەمەت)

◆**لوپ** ناھىيە چارباغ يېزا چوڭ كۆل بېشى كەنت پاكا مەسچىت خاتىپى **ئابدۇۋېلى ئاخۇن** كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن ئۆز يېنىدىن 1500يۈەن پۇل چىقىرىپ 2004-يىل 9-ئايدا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 12 يۈرۈش ئۈستەل ئورۇندۇق، 10دانە سافا، 1000دانە دەپتەر، 600 قەلەم، 3دانە ۋاسكىتبول ئېلىپ بەردى. (تۇرسۇنتوختى مەتتىمىن)

◆**ئاۋات** ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىجتىمائىي رايونىغا قاراشلىق جامە خانىقاسىنىڭ ئىمامى **ھەمدۇللا نۇردۇن** ھالال ئىشلەپ بېيىغاندىن كېيىن ئۆز يېنىدىن 2030يۈەن نەق پۇل ئاجرىتىپ، ئۇن، ياغ سېتىۋېلىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىجتىمائىي رايوندىكى تۇرمۇشىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 25نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلدى.

(ئەلقەم ھۈسەن، ئەسقەر مۇسا)

◆يېقىندا **كورلا** شەھەر قارا يۇلغۇن يېزا باغ جىگدە كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ھەمدۇل مۇھەممەت قارى** كەنت تەۋەلىكىدىكى دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ مىڭ نەچچە يۈز يۈەن پۇل توپلاپ باغ جىگدە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم قىلدى. (ئەخمەتجان ھۇشۇر)

◆ **مەكىت** ناھىيە بازار جەمى يېزىسىنىڭ ئودا كۆل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق **قادىر ھاجى**1980-يىلى ياغ زاۋۇتى، 1999-يىلى چوڭ تىپتىكى ئۇن زاۋۇتى قۇرغاندىن بېرى 42 ئەر-ئايالنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، كارخانا ئورۇنلىرىدىن ئىشتىن بوشىتىلغان 18 خادىمنى زاۋۇتنىڭ تېخنىك ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ

ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىپ كەلدى. 6 يېتىم ياشنىڭ تويىنى قىلىپ ئۆي ئېلىپ بەردى. بۇ يىل 11-ئايدا بازار جەمى يېزىسىدىكى 300 نامرات ئائىلە ۋە بازارلىق ھۆكۈمەتتىكى 500 نامرات ئائىلىگە ھېيتلىق 20 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 800 خالتا بۇغداي ئۇنى، 2400 كىلوگرام ماي تارقىتىپ بەردى. قادىر ھاجىم يەنە بوز كەنتتىكى 28 ئائىللىك دېھقاننىڭ يېڭىدىن ئەھيا قىلغان مېۋىلىك باغلىرىنىڭ تۈۋىنى ئوغۇتلىشى ئۈچۈن 24 تونىنا قوي قىغى، 2 تونىنا چىگىت كۈنجۈرىنى ھەقسىز ئاپىرىپ بەردى. (مەتتىمىن مۇسا)

# ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

◆**قاراقاش** ناھىيىسى ياۋا يېزىسىدىكى ئالدىن بېيىغان خۇسۇسىي كارخانىچى **ئابدۇراخمان بارات** يۇرتداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ياۋا يېزا بازىرىدىن 14 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆللەك كەنتىگە كۆلىمى 680 مىڭ كۇۋادرات مېتىرلىق سىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، ئاشخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى سېلىپ بەردى، بۇ مەكتەپتە ھازىر 8 كەنتتىن 486 بالا ئوقۇيدۇ.

(جۇمە قاسىم، ئازاتگۇل توختىمەھەممەت)

◆**يەكەن** ناھىيە ئېلىشقۇ بازار دۆڭئېرىق 7-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئالدىن بېيىغان دېھقان كارخانىچى **مۇسا قاۋۇل ھاجى** يېقىندا ئېلىشقۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پارتا-ئورۇندۇق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا 2 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، ئېلىشقۇ بازارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىكى مېيىپ-ئاجىز كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 7 خالتا ئاق ئۇن ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە ھەر يىلى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە 5 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە ۋە كىگىز، ئۇن، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياردەم قىلىپ كەلمەكتە.

(ئۆمەرجان مۇھەممەد)

◆**يەكەن** ناھىيە چارەك بازار توغراقلىق كەنتى 3-مەھەللىدىكى **ماموت ئەمەر** باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن بۇيان ھەر يىلى ئۆز تەۋەسىدىكى ئىگە-چاقىسىز يېتىم-يېسىرلارغا ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ياردەم قىلغاندىن سىرت، ئۆز كەنتى چوڭ مەسچىتنىڭ قايتا ياسىلىشى ئۈچۈن 43 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(سادىق قارىم)

◆قەشقەر **كونىشەھەر** ناھىيە ئاۋات يېزا 17-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق **ياسىن ئابدۇللا ھاجىم** 2000-يىلى ئاۋات يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا 300 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، 2001-يىلى 110 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 50 دانە كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى، بۇ يىل ئۇ يەنە يېزىدا $80m^2$ كۆلەمدىكى «ئۈمىد كىتابخانىسى» سېلىپ بەردى ھەمدە بۇ كۇتۇبخانىغا تۈرلۈك كىتابلارنى ئېلىپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

◆**قاغىلىق** ناھىيە ئۆششاقباش بازار بېشى 14-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرشلۇق **ئەمەت پەيزەمەت ھاجى** ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكە تايىنىپ كەنت مەركىزىدىن 40 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت، تاغلىق دېھقانچىلىق رايونى بولغان ئاقچىغىدا ئون يىلدىن بۇيان بوز يەر ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلەپ ھازىرغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىدىكى قوينى 300 تۇياقتا، ئات-كالىنى 12 گە، توخۇ-كەپتەرنى 150 گە يەتكۈزدى. 25 مو يەرگە 1700 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەتلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلدى. 25 مو يەرگە ئاشلىق، ياڭيۇ، گازىر قاتارلىقلارنى تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئالدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئۇ باي بولغاندىن كېيىن 6 يىل ئىچىدە 54 نەپەر دېھقانغا 7300 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. يار بېشى 14-كەنتنىڭ رادىئونى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 2000 يۈەن نەق پۇل ياردەم بەردى. (سىدىق تۇردى)

◆**ئاۋات** ناھىيىسىنىڭ ئايباغ يېزىسىغا قاراشلىق تۆۋەنكى ئايكۆل كەنتىگە قاراشلىق 3 مەسچىت، شۇ كەنتتىكى دىنىي زات **مەتتىمىن تۇگا** ۋە كەنت رەھبەرلىكى جەمئىي 10 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ شۇ كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىككى دانە كومپيۇتېر، بىر دانە پرىنتېر (خەت چىقارغۇچ) ئىئانە قىلىپ مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قوللىدى. (ئەلقەم ھۇسەن، نۇرجامال ئالىم)

◆**كورلا** شەھەر قارا يۇلغۇن يېزا باغ جىگدە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى **رىزۋانگۈل مۇتەللىپ** ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۆز يېنىدىن 1220 يۈەن پۇل چىقىرىپ، مەكتەپىدىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 27 ئوقۇغۇچىغا كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بېرىپ مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. (ئەخمەتجان ھۇشۇر)

◆**يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە** پەيزىۋات باش مەيدان 7-لىيەننىڭ بىر ئىشچىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ، بىر يىلغىچە داۋالىنىپ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ، يەنە قايتا داۋالىنىشقا قۇربىتى يەتمىگەندە، پەيزىۋات باش مەيداندىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن 36 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاپ، بىمارنىڭ داۋالىنىشىغا ئىللىق قولىنى سۇندى. (مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

◆**يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە** 51-تۇەندە ئۆسۈپ يېتىلگەن يەككە تىجارەتچى **راخمان ھۇشۇر** 2004-يىلى ئەتىيازدا ئۆز يېنىدىن 100 مىڭ يۈەن نەخ پۇل چىقىرىپ تۇەن-مەيدان تەۋەسىدىكى 100 چارۋىسىز ئائىلىگە چارۋا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياردەم قىلدى.

(ئەركىن تۇرسۇن)

◆يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 51-تۇەن 19-لىيەن 2-پەي

ئەزاسى **ئىبراھىم تۇرغۇن** چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى نامرات ئائىلىلەرگە10-15 تۇياق قوي تارقىتىپ بەردى. تۇل ۋە ياشانغان ئاجىز كىشىلەرگە يىللىقى 4000 يۈەن ئەتراپىدا نەق پۇل تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر نەپەر يېتىم بالىنىڭ بارلىق ئوقۇش ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇندىن باشقا، ئۆزىنىڭ تراكتورىنى لىيەندىكى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا ھەقسىز ئىشلىتىپ بەردى. (ھەسەنجان قۇربان)

◆**يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** 51-تۇەن دوختۇرخانىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان دوختۇرى ھوشۇر باقى يېقىندا تۇەن مەركىزىي مەكتەپ مىللىي باشلانغۇچ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان 15 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا 1000يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، قىشلىق كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرى تولۇقلاپ بەردى. (راخمان رېشىت)

◆**يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** 51-تۇەندىكى **مەمتىلى قۇربان**، **سىدىق قۇربان** يېقىندا 19-لىيەندىكى بىر نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى، ئوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىنى، قىشتا بىر ئېغىز ئۆيدە قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، 200يۈەن نەق پۇل، ئىككى خالتا ئۇن، بىر قۇر يوتقان-كۆرپە، 6 قۇر قىشلىق كىيىم-كېچەك ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە لىيەندىكى كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 2 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. (مۆمىنجان قادىر)

◆**تۇرپان شەھىرى** تەۋەسىدىكى 120 جۈمە مەسچىتى 120 ئائىلە بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ 550 نامرات كىشىنى ئۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارغا 29مىڭ 750يۈەن نەق پۇل، 250 خالتا ئۇن، 33 خالتا گۈرۈچ، 765كىلوگىرام سىۇ ماي، 94 تونىنا كۆمۈر ياردەم قىلدى. (شاھمەردان ئىمىننىياز)

◆**پوسكام** ناھىيە كۆيباغ بازىرى 2-ئاھالە كومىتېتى مەسچىتى 6800يۈەن، ئاممىا 6000يۈەن ئىئانە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئاھالە رايونىغا $100m^2$لىق بىر ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

## مەككە مۇكەررەمەدىكى مۇھاجىر خانىم ژۇرنىلىمىزغا ئىئانە ئاتىدى

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھاجىر ھاجى خەدىچە خانىم يۇنۇس ئىشان ژۇرنىلىمىزغا 2270 يۈەن ئىئانە قىلدى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ژۇرنالغا يېزىلالمىغان مەسچىتكە بىر يىللىق 20سان ژۇرنالغا(يەنى320 يۈەن) يېزىلىپ بەردى. تەھرىر بۆلۈمىمىز بۇ ژۇرناللارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن تارقىتىشقا تاپشۇردى.

(ئىئانە ۋە ژۇرنال پۇلىنى يوللاپ بەرگۈچى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن گۈنەل ھاجىم)

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر

قەشقەر شەھىرىدىن:تۇرسۇن نىياز 500 يۈەن؛ ئاقسۇ شەھىرىدىن:خالىس زاكات بەرگۈچى 500يۈەن؛ مەكىت ناھىيە 3-دېۋىزىيە 43-تۇەندىن: تۇرسۇنخان توختى 300يۈەن؛ قەشقەر شەھىرىدىن: خالىس ئىئانىچى 300 يۈەن؛ تولى ناھىيىسىدىن لەمخان ھاجە 200 يۈەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:خالىس ئىئانىچى 130يۈەن، ئەمەر قاسىم 100يۈەن، ياسىن ئەيسا 100يۈەن؛ كۈنەس ناھىيىسىدىن:نىياز قارى 100يۈەن؛ كۇچا ناھىيىسىدىن:تۇنساخان 100يۈەن؛ پوسكام ناھىيىسىدىن زىننەت ئۆمەر 99 يۈەن؛ قارىماي شەھىرى مەسچىت جامائىتى 100يۈەن؛ مايتاغ رايونىدىن:رەۋشخان ھاجە، ھەبىبە مامۇت، غۇلجا ناھىيىسىدىن: پەنجىم يېزا پەنجىم كەنت چوڭ مەسچىت جامائىتى، تۇرپان شەھىرىدىن نەمتۇل ھاجى، گۇما ناھىيىسىدىن:غوجامۇھەممەد توختىنىياز، مارالبېشى ناھىيىسىدىن:ئابلەت رەھىم ، پەيزاۋات باش مەيداندىن:مۇھەممەتئىمىن قۇربان، پىچان ناھىيىسىدىن:مەيىن تۆمۈر، كېرىيە ناھىيىسىدىن:ئاتىكە نىزامىدىن قاتارلىق ئىئانىچىلار «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئۆزلىرىنىڭ خالىسانە ئىئانىسىنى ئاتىدى.

يۇقىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىئانە پۇللارنى تەھرىر بۆلۈمىمىز 2003-يىل 11-ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 2004-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تاپشۇرۇپ ئالدۇق. جەمئىي توپلانغان ئىئانە 5082 يۈەن.

ئىئانىچىلارغا ئاللاھ تائالا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2004- يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق دىنىي ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى


ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ....................مۇھەممەد سالىھ دامولla ھاجى(3.6،4.4)
ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى....دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزوق(2.4،3.13،4.10)
ئىسلام دىنى ۋە مېھىر- شەپقەت.........................................ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ھاجى (1.10)
ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق نۇقتىئىنەزىرى.......................................داۋۇت قارى(1.12)
بەزى ئىبادەت ئەمەللىرى ھەققىدە ........................................ ئابدۇخالىق ئالىم (3.18)
زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى............................ئابدۇرەھمان مۇھەممەد(4.12)
ئىسلام دىنى ھەر قانداق ئىشتا نىيەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ....................... ئابدۇرەھمان ئادۇلكەبىر (3.20)
قولۇم- قوشنىلارنىڭ بىر- بىرىدىكى ھەقلىرى ........................................ ئابدۇللا مامۇت (3.23)
ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان قەلبىنى پاكلاشتىكى تەسىرى...............................ئابدۇقادىر ئابدۇللا(4.16)
ئامانەتنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىق توغرىسىدا.........................ياقۇپ ئوسمان(4.18)
«قۇرئان كەرىم»دىكى تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدە.................................ئابابەكرى قارى ھاجىم(1.15)
قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى.....................................................ئابابەكرى قارى ھاجىم(2.13)
«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرەناملىرى توغرىسىدا.......................................ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى(2.16)
«قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى ........................................ ياقۇپجان ئەزىز (3.26)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يېتەيلى.............................................ئامانۇللا ھېزبۇللا(4.20)
ھەج قانداق كىشىلەرگە پەرز؟...................................................مۆھتەرەم ھاجى(4.24)
مال بوغۇزلىغاندا.............................................................ياقۇپ ھەمدۇللا(1.22)
جامائەتلىك نامازلاردا سەپتە رۇس تۇرۇش توغرىسىدا.................................تۇرسۇن توختى(2.22)
ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى..............................(1.26)
مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.....................(1.31)
مۇسۇلمانلار تىرىشچان ئىقتىسادچىل، ئاددىي-ساددا بولۇشى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك.............(1.37)
ئەمەل ۋە ئېتىقادتىكى ئىخلاس توغرىسىدا...........................................ئابدۇرەھمان ئىسمائىل(1.6)
ئاللاھ جازانىنى ھارام قىلدى.......................................................ياقۇپ ھەمدۇللا، سادىق ياقۇپ(2.26)
يول-كۆۋرۈك ياساش، ئاسراشمۇ ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر..........................ئۆمەرجان خۇدىبەردى(2.30)
باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى..................ئىسمائىل ياقۇپ(2.32)
ئىسلام دىنى ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ ........................................ تۇرسۇننىياز ئاۋۇت (3.29)
مۇسۇلمانلار سۆز ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك ........................................ خېلىل ھۇسەن (3.32)
سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش توغرىسىدا..........................................مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر(4.35)
ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە.................................ھەسەن داۋۇت(4.38)
خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى....................................................ھەسەن قارىم(4.39)
ھەسەتخورلۇقنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ........................................ سەلەي بەكرى (3.38)
ئۆملۈك پەرزدۇر، تەپرىقە هارامدۇر ....................................ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (3.40)
ئىسلام ۋە ۋاقىت ........................................ يۈسۈپجان سەمەت (3.43)
ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولايلى...........................................................ئەمەر سېمىز(2.35)
باللار كەلگۈسى ئۈچۈن يەنىلا ئوقۇشسۇن............................................ئانىقىز ئەزىز(2.37)
ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا............................................ئەمەتجان ئابلىمىت(4.41)
خورما دەرىخى ۋە مۆمىن ئادەم.....................................................ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللا ئەزھەرى(2.40)
ئالىم-ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر......................................سابىر ئىمام(2.42)
ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر قانداق قىلغاندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ماڭالايدۇ.....................ئابدۇكېرىم ھاجى(2.49)
ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم- پەن قارىشى ۋە ئۇيغۇرلار ........................................ ئىبراھىم مۇھەممەد تۇردى (3.47)
خالىس ئىبادەت ۋە ئىمام- خاتىپلار ئەجرى ........................................ مىجىت ئىسلام دامولla ھاجىم (3.51)
ئىمام – خاتىپلىرىمىزنىڭ بۇرچى ........................................ يۈسۈپ قادىر مۇھەممەت (3.54)
موللا-ئۆلىمالىرىمىز بىلەيتاش بولۇپ قالمىسۇن.....................................ئابدۇكېرەم قارىم(4.47)

# «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى پائالىيەتلىرى




▲«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.



▲يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھاپىز نىياز مۇھىم سۆز قىلدى.



▲يىغىندا ژۇرنال خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلار تەقدىرلەندى.




▲شە مىشىدىن ھاجى، تەلئەت ھاجى قاتارلىقلار خوتەندىن سەيلە-ساياھەتكە كەلگەن دىنىي زاتلار بىلەن سايرام بويىدا ئەھۋاللاشتى.



▲بىر قىسىم يىغىن قاتناشچىلىرى قورغاستىكى چېگرا ئېغىزىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



▲يىغىن قاتناشچىلىرى غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى ئالدىدا دىنىي زاتلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



◀شە مىشىدىن ھاجى خوتەن كىبرىيە جامەسىدە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

